

مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تارىمىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال
MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE
MIRAS
美拉斯
ميراس
5
2008
ISSN 1004-3829
10>
9 771004 382027

# يېزا تۇرمۇشى











مەتتوختى بارات فوتوسى

# مىراس


قوش ئايلىق ژۇرنال 2008 ـ يىل 5 ـ سان

(ئومۇمىي 109 ـ سان)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئۇيغۇرلاردىكى بەرىكەت چۈشەنچىسى........... ئابدۇقەييۇم مىجىت (1)

ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئەمىر گۆر ئوغلى»دىكى گۆر ئوغلى ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى........................................ ئابلىمىت ياسىن (21)

گۈل ۋە مەدەنىيەت ...................................... خەلچەم مۇھەممەد (27)

ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرى توغرىسىدا....... بەختىيار ئابدۇساتتار (36)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ يېشىمى........................................ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (49)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


ئاتامدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەر................. تەييارلىغۇچى: ئىمىن ئابلا (4)


## دۇنياغا نەزەر


ئاناتولىيەدىكى ئۇيغۇر رايونى ئۈستىدە تەكشۈرۈش.. ئابدۇكېرىم رەھمان (9)


## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


ناتسىستلار يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ سىرى ........................................ مۇھەممەدئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى (33)


## ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك


3 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى خاتىرىسى ........................................ (39)





باش مۇھەررىر:
يۇسۇپ ئىسھاق
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
مۇھەررىرلەر:
خۇرسەنئاي مەتىمىن
نۇرنىسا باقى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
Fax: (0991) 4554015
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E - mail: mirasuyghur @ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


يىپەك يولىدىكى مازار مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ............................ (77)


## ئادەت قېرىماس


بۆشۈك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ئادەتلىرى..............
.............................................. مېھرىگۈل قادىر (45)
«يامان بولىدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار.................. ئەركىن سابىر (60)
لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلىرى توغرىسىدا..............
.............................................. مويدىن سايىت بوستان (67)


## ئايدىڭ كېچىلەر


ئالما تاشلىغان يارىم.................. توپلىغۇچى: خەپىزساتتار سالىھ (64)


## كۈلكە- جان ئوزۇقى


يۇمۇرلار....................................................... (75)


## شەيتان بەت


ئولىمپىك خاتىرىلىرى............................................ (78)


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر قىزى، سۈرەتتىكى كىيىمنى دۆلەتلىك 1- دەرىجىلىك كىيىم لايىھىلىگۈچى خانىش ھاپىز لايىھىلىگەن. سۈرەتنى يۈسۈپجان تۇرسۇن تارتقان. مۇقاۋىنى ئەزىزە تۇيغۇن لايىھىلىگەن.
ئىچ بەتلەردىكى سۈرەتلەرنى مەمەتتوختى بارات، ئابلىز ئابدۇللا، يالقۇن ھابىل قاتارلىقلار تەمىنلىگەن. تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ


Chief editor: Yusup Is"haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin
Nurnisa Baki


**«مىراس» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر بارلىق ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرگە روزا ھېيتلىق سالام يوللايدۇ!**

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


主编:
玉素甫·依莎克
副主编:
穆合塔尔·穆罕默德
编辑:
胡尔仙阿依·买买提明
努尔尼沙·巴克

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
传真:(0991)4554015
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 - 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 - 3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5¥



# ئۇيغۇرلاردىكى بەرىكەت چۈشەنچىسى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

ئۇيغۇر خەلقى مەنىۋى دۇنياسى تولىمۇ كەڭ، شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە نىسبەتەنمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئىگە ۋە شەيئىلەرنىڭ مەۋھۇم، ئابستراكت تەرەپلىرىنىمۇ مۇناسىپ رەۋىشتە ئۇقۇملاشتۇرالايدىغان مەرىپەتلىك خەلقتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ بەرىكەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بۇنىڭ بىر روشەن دەلىلىدۇر.

«بەرىكەت ـ جىق نەرسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان، ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدىغان ئۈنۈم. مولluq، كەڭ كۆشادىلىق، باياشاتلىق، پايدا، مەھسۇلات، مېۋە، نەپ، نەتىجە» ① دېگەن مەنىلەرگە ئىگە سۆز بولۇپ، دىنىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «بىرەر ئىشقا خۇدادىن راۋاج، بەرىكەت تىلەش، پاتىھە بېرىش مەزمۇنىغا ئىگە چۈشەنچە، خەلق تىلىدا ئەمگەكنىڭ بەرىكەتلىك، دارامىتىنىڭ مول بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش مەنىسىگە ئىگە» ② . بەرىكەت ھەققىدىكى چۈشەنچە ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما ۋەسىقىلەردە تىلغا ئېلىنغان ‹قۇت› سۆزى ‹مۇقەددەس، بەخت، دۆلەت، ئۇلۇغلۇق، بەرىكەت، تەلەي...› مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن» ③ . ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئۇما ـ ئۆيگە كەلگەن مېھمان. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ئۇما كەلسە قۇت كەلىر ـ مېھمان كەلسە، قۇت كېلەر. مېھمان بىلەن تەڭلا بەرىكەت كېلىدۇ. مېھمان ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، ئۇنى ئېغىر ئالغۇلۇق ئەمەس. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كەلسە قالى يارلىغ بولۇپ يۇنچىغ ئۇما
قالدۇر ئاڭئۇق بولمىش ئاشىغ تۇتما ئۇما

(ساڭا) يوقسۇل بىر مېھمان ھاجىتى چۈشۈپ كېلىپ قالسا، تەييار بولغان ئاشنى (ئالدىغا) كەلتۈر، ئۇنى كۈتتۈرمە.

ھالى پەرىشان، كۆڭلى يېرىم بىر مۇساپىر كەلگىنىدە، تەييار بولغان تاماقنى دەرھال ئالدىغا قوي، كېچىكتۈرمە» ④ ، دەيدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلاردا «ئۇما كەلسە قۇت كەلىر» (مەنىسى: مېھمان كەلسە بەرىكەت كېلۇر) دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار «مېھماننى بەرىكەت ئېلىپ كەلگۈچى» دەپ قارىغانلىقى ۋە مېھمانلىرىغا ناھايىتى ساخاۋەتلىك، كەڭ قورساق مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «مېھماندوست مىللەت» دېگەن مۇبارەك نامغا مۇشەررەپ بولغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار مېھماننى ئۆز ئۆيىگە قۇت ـ بەرىكەت ئېلىپ كەلگۈچى سۈپىتىدە قارايدۇ، ھەتتا «ياخشى مېھمان ئاشقا كېلۇر» دەپ ئۆزىنىڭ رىزقىنىمۇ مېھمانلىرىدىن ئايىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كلاسسىك ئەدىبلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە «قۇت، بەرىكەت» چۈشەنچىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى ئۆزىنىڭ «مەسنەۋىي خاراباتى» ناملىق ئەسىرىدە:

«قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر بەركە ئاز،
قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر بەركە ساز».

دەپ يازىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە بەزى پەرھىزلىك يامان ئىشلاردىن چەكلىنىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھوسۇلى ۋە نېئمىتىنىڭ بەرىكىتىنى ئاشۇرۇشقا ئىنتىلگەن بولۇپ، ئۇمۇمەن ۋاقىت، دارامەت، تۇز ـ تائام... دېگەندەك ئىنسان ئۈچۈن نېئمەت، غەنىيمەت ھېسابلىنىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ بەرىكىتى بولىدىغانلىقىغا ۋە بەزى ئىشلاردىن چەكلىنىش ۋە بەزى ئىش ـ ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن بۇ نەرسىلەرنىڭ بەرىكىتىنىڭ زىيادە بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن.



ئۇيغۇرلاردا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دۇئاسى كىشىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا «خۇدايىم پۇل ـ مېلىڭىزنىڭ بەرىكىتىنى بەرسۇن!» دەپ دۇئا قىلىپ، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئالدى ئوچۇق، تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا سەپەرگە چىقماقچى بولغانلار ياكى يېڭى ئىش ـ ئوقەت باشلىماقچى بولغانلار ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆيدە تاماق پىشقاندا ئاتا ـ ئانىسى ئاۋۋال تائامغا ئېغىز تەگكۈزۈپ بەرسە تۇز ـ تائامنىڭ بەرىكىتى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ ھەمدە تاماق يېيىلىپ بولغاندا ئۇلارنىڭ دۇئا قىلىپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. بۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاقى ۋە بەرىكەت چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىدۇ. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىسىنى نارازى قىلغان، قاقشاتقان ۋە قارغىشىغا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ ئىشى ئالغا باسمايدۇ، رىزقىدا ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە بەرىكەت بولمايدۇ، ئۆمرى خارۇزارلىقتا ئۆتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇر سودىگەرلەر سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا سودا پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، شۇ سودىسىدىن رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە ياخشى نىيەتلەر بىلەن «خۇدايىم بەرىكىتىنى بەرسۇن!» دەپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ خوشلىشىدۇ. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئۆزىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىنىلا كۆزلەپ ھۈنەرگە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، ساختىپەزلىك قىلسا، بارا ـ بارا ئىش ـ ئوقىتىدىن قۇت ـ بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ، سودىسىنىڭ ئاقماي، ماللىرىنىڭ سېتىلماي قالىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەچكە ھۈنەرنى راستچىللىق بىلەن ساختىلىق قىلماي ئىشلەشكە كۆنگەن بولۇپ، ئۇلار بەزى يامان قىلىق ۋە ئادەتلەردىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە بەزىبىر ئەخلاق نورمىلىرىغا رىئايە قىلىشقا ئادەتلەنگەن. «ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار مۇئەييەن دىنىي قاراش ياكى خۇراپىي قاراش سەۋەبىدىن، ئۆزلىرى دائىم ئىشلىتىدىغان قورال ـ سايمانلارغا تۇتقان مۇئامىلىدە بەلگىلىك پەرھىز ـ چەكلىمىلەرنى ۋە ئەخلاق تەلەپلىرىنى قويۇپ، بۇنداق پەرھىز ۋە ئەخلاق تەلەپلىرىگە رىئايە قىلىشنى ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ روناق تېپىشى، ھوسۇل ياكى مەھسۇلاتنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۈپىتىدە تونۇغان» ⑤ . ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ قۇت ۋە بەرىكەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئۇلارنىڭ تۇرلۇك قورال ـ سايمانلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاقى؛ ئۇستاز بىلەن شاگىرت مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاقى؛ ئىش ئورنى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپكە بولغان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قويۇلغان ئەخلاقىي تەلەپلىرىدە روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

دېھقانلار مول ھوسۇلنى يىغىدىغان پەيتلەردە بىر يىللىق يىغىم ـ تېرىمنىڭ تولىمۇ بەرىكەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا «يىغىم ۋاقتىدا، خامان بېشىدا بەرىكەت تىلەپ يەنە بىر قېتىم قان قىلىپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇلىدۇ» ⑥. ئۇيغۇرلاردا بەزى ناچار ئىش ـ ھەرىكەت ۋە يامان قىلىقلار نەرسىلەرنىڭ بەرىكىتىنى قاچۇرىدۇ، دېگەن ئىشەنچ بولغاچقا، بەزى ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز ۋە يامان قىلىقلاردىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. مەسىلەن: خەلق ئىشەنچلىرىدە «دۇكاننىڭ پوكىيدە بىرەرسى ئولتۇرسا سودىنىڭ بەرىكىتىنى قاچۇرۇۋېتىدۇ» دەپ پوكەيدە ئولتۇرۇپ سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. «باشقىلارنىڭ ئۆيىدە تىرناق ئالسا، قولدىكى بەرىكەت باشقىلارنىڭ ئۆيىدە قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ» ⑦ . شۇڭا، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە تىرناق ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىگىمۇ بەرىكەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى سىڭگەن بولۇپ، غىزالىنىش ئۇسۇللىرىدا تۇز ـ تائامنىڭ بەرىكىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزى ئىرىملىك قاراش ۋە پەرھىزلىك ئادەتلەرنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ يېمەك ـ ئىچمەكنى ئىسراپ قىلىشنى قاتتىق يامان كۆرىدۇ. شۇڭا، تاماق يېگەندە نان ياكى باشقا ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن داستىخان سېلىپ تاماق يەيدۇ. «داستىخان ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە قۇت ـ بەرىكەت سورۇنى بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىدە كەم دېگەندە بىر ـ ئىككى داستىخان بولىدۇ... داستىخان سالغاندا مەيلى ئادەم ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئۇنى ھامان كەڭ يېيىپ سالىدۇ، قاتلىمايدۇ. چۈنكى، داستىخاننى كەڭ يېيىپ سالسا بەرىكەتمۇ كۆپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ» ⑧ . ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە داستىخان بەرىكەت ياغىدىغان مۇقەددەس نەرسە بولغاچقا، ئۇنى ناھايىتى پاكىز ساقلايدۇ. «ناۋادا داستىخان كىر بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئېقىن سۇدا يۇمايدۇ، مۇشۇنداق قىلسا بەرىكەت سۇ بىلەن ئېقىپ كېتىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ» ⑨ . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا مېڭىپ يۈرۈپ ياكى بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار بولۇپ، «تاماق ۋاقتىدا ئەشمىس پاتىمەم بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ، شۇ ئۆيگە

قۇت ـ بەرىكەت تىلەيدىكەن. ناۋادا تاماق يېگۈچى بو-
سۇغدا ئولتۇرۇۋالسا، ئەشمىس پاتمەم بوسۇغىدا ئولتۇ-
رالمايدىكەن ـ دە، شۇ ئۆيگە بەرىكەت تىلــمــەيــدى-
كەن»⑩. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا يەنە تاماق ئېتىپ
بولغاندىن كېيىن «ئاشتاختا بىلەن نوغۇچنى ئايرىۋەتسە،
بەرىكەت قاچىدۇ»⑪ . «سۇپرىنى يۇيۇپ سالسا ئۆيدە
بەرىكەت قالمايدۇ»⑫ . «قازاننى ساپلىق بىلەن قىرسا،
شۇ ئۆيدىن بەرىكەت كېتىدۇ»⑬ . «بېشىغا رومال ئارت-
مىغان ئايال بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، ئۆيدە قۇت ـ
بەرىكەت بولمايدۇ» ⑭ ... دېگەندەك قۇت ـ بەرىكەت
چۈشەنچىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر خىل پەرھىزلەر
بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىشىغا
ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن بەرىكەتنىڭ
كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈمىدى تۈرتكە بولغان.

ئىسلام دىنىدىمۇ بەرىكەت چۈشەنچىسى ئالغا سۈ-
رۈلگەن بولۇپ، ھەدىستە «تاماقنى بىرلىكتە يەڭلار، تاماققا
بەرىكەت بېرىلىدۇ»⑮ . «بەرىكەت تاماقنىڭ ئوتتۇرىسىغا
چۈشىدۇ، ئەتراپىدىن يەڭلار، ئوتتۇرىسىدىن يېمەڭلار»⑯ .
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە «كىم بىر ئىشنى ئــالــلاغــا
ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلىسا، ئۇ ئىش چوقۇم ياخشى
ۋە بەرىكەتلىك بولىدۇ. ئاللاغا شۈكۈر قىلماي تۇرۇپ باش-
لىغان ئىش بەرىكەتسىز ۋە چالا ئىش بولــىدۇ» دېــگــەن.
شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئاددىيسى تاماق يېيىش، سۇ ئىچىشتىن
تارتىپ چوڭ ئىشلارغىچە ھەممىنى «بىسمىللاھ...» دەپ
باشلاشقا ئادەتلەنگەن. «بەرىكەت» چۈشەنچىسى خەلق-
مىزنىڭ ئېڭىدا شۇنچىلىك يىلتىز تارتقانكى، ھەتــتــا مــا-
قال ـ تەمسىللەردىمۇ بەرىكەت ھەققىدىكى چۈشەنچە مۇھىم
ئورۇن تۇتىدۇ. مەسىلەن: بىرلىپ ھۇنەر قىلغان كىشى تې-
گىشلىك ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشىدۇ. ئاقىنانچىدىن ھەممە
ئادەم بىزار بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلــدۈرۈش ئــۈچــۈن،
«ھەرىكەتتە بەرىكەت، بىكارچىلىقتىن نېرى كەت» دېگەن
ماقال كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. يەنە مەلۇم ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن
شۇغۇللانغان كىشى ئاز ـ تولا زىيان تارتسىمۇ شۇنىڭغا يا-
رىشا پايدا تاپاۋەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن،
«ھەرىكەتتى كېتىپ، بەرىكەتتى قالار» دېگەن ماقالمۇ بار ۋە
يەنە «ئەمگەك بىلەن ھەرىكەت ـــ ئالتۇن بىلــەن بــەرد-
كەت»، «ھالالدا بەرىكەت، هارامدىن نېرى كەت» دېگەن
ماقاللار خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. قىس-
قىسى، بەرىكەتكە ئائىت ماقال ـ تەمسىللەردە كىشىلەرنى
بەرىكەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھۇرۇنلۇق، بوشاڭلىق، لاپ-
غەزەللىكنى تاشلاپ تىرىشچانلىق، تېجەشلىك بىلەن ياشاشقا
ۋە ئىگىلىك تىكلەشكە ئۈندەلگەن.

ئۇيغۇرلاردا يەنە خەير ـ ساخاۋەت، سەدىقە ـ ئېھسان-
لار، باشقىلارغا قىلىنغان ياخشىلىق ۋە ياردەم كىشىنىڭ يو-
لىنى ئوچۇق قىلىدۇ، رىزقى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ بەرىكە-
تىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ، دەپ ئىشەنچ قىلىنىدۇ.
قانائەتچان بولۇش ئىنساننى بەرىكەتكە يېقىنلاشتــۇرىــدۇ.
ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق ئادەمگە ھېچ نەرسىنىڭ بەرىكىتىنى
ھېس قىلدۇرمايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «قانائەت ـ تۈگى-
مەس خەزىنە» دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان. ئەجدادلىرى-
مىزدىكى ھەم قانائەتچان، ھەم تىرىشچان بولۇش ئەنئەنىسى
ئۇلارنىڭ رىزقى ۋە ئىشلىرىغا بەرىكەت قوشۇپ كەلگەن.
كىشىنىڭ ئىش ـ ئوقتى ۋە نىئمىتىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى
ئۇنىڭ نىيەت ـ ئىخلاسىغىمۇ باغلىق بولىدۇ، ئەلــۋەتــتــە.
شۇڭا، خەلق ئارىسىدىكى «ھەممىدىن نىيەت ئەلا» دېگەن
ئېتىقاد كىشىلەرنى ھەرقانداق ئىشتا ساپ دىل، پاك ـ دىيا-
نەتلىك، باشقىلارغا يامانلىق ئويلىمايدىغان ۋە ھــەر بــىــر
ئىشنى ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان بولغاندىلا، ئاند-
دىن ئىش ـ ئوقەت ۋە ھەر نەرسىنىڭ قۇت ـ بەرىكىتى بو-
لىدىغانلىقىغا زور ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ كەلگەن.


ئىزاھاتلار

① ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھــىــر
تاھىرلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ
ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 5 ـ
ئاي 1 ـ نەشرى، 64 ـ بەت.

② سادىق ھاپىز نەشرگە تەييارلىغان: «قىسقىچە ئىسلام لۇ-
غىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەش-
رى، 34 ـ بەت.

③ ، ⑦ ، ⑧ ، ⑨ ، ⑩ ، ⑪ ، ⑫ ، ⑬ ، ⑭ ئەنۋەر سەمەت
قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىــيــاتى،
2007 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 14 ـ ، 79 ـ ، 84 ـ ، 198 ـ ،
199 ـ ، 204 ـ ، 205 ـ ، 212 ـ ، 213 ـ ، 230 ـ بەتلەر.

④ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم 124 ـ ، 125 ـ
بەتلەر.

⑤ ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يــىل 3 ـ ئــاي 1 ـ نــەشــرى،
240 ـ بەت.

⑥ ئابدۇكېرىم رەھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇش-
تار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر
نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 4 ـ بەت.

⑮ ، ⑯ «مۇسۇلمانلارنىڭ يولى»، 187 ـ بەت (ئەبۇ داۋۇت
ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس).



(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر
ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدا)

# ئاتامدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەر



ھەر بىر ئادەم ھاياتىنىڭ قايسىدۇر بىر چاغلىرىدا كىمدىندۇر ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ بولىدىغانلىقى تالاشسىز. ۋاقىت ئۆتۈپ يېشىڭ بىر يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئۆتمۈش تارىخىنى چارلىغىنىڭدا، ئاشۇنداق «ئاڭلىغان-كۆرگەن» خاتىرىلەر ئالدىڭدىن قول شىلتىپ چىقىپ كېلىدۇ. بۇ-ئۆمۈر قانۇنى.

ئاتام شېرىپىدىن پالتىيېۋ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىنى يۇرت خىزمىتىگە بېغىشلىغان ئادەم ئىكەن. ئۆز دەۋرىنىڭ ئاڭلىق كىشىلىرىنىڭ بىرى بولغان. ئەرەب گرافىكىسىدىكى ئۇيغۇر، لاتىن، سلاۋيان يېزىقلىرىدىكى گېزىت ۋە كىتابلارنى بەمالال ئوقۇيتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20-، 30-يىللىرىدا چېلەك تەۋەسىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان بەزى ئىگىلىكلەرنىڭ رەئىسى بولۇپمۇ ئىشلىگەن.

ھازىرمۇ ئېسىمدە، 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، باشلانغۇچ سىنىپلاردا ئوقۇپ يۈرگىنىمدە، ئاخشاملاردا بەزىدە ئېلېكتر يورۇقى ئۆچۈپ قالسا، لامپىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا دالان ئۆيدىكى كاڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئاتام ماڭا تۈرلۈك-تۈمەن چۆچەك-تەمسىللەرنى ئېيتىپ بېرەتتى، ئۇلارنى تىڭشاپ زېرىكمەيتتىم. بەزىدە چۆچەكنىڭ راسا قىزىق يېرىگە كەلگەندە، ئاپام ئايىمخاننىڭ ئۈنى ئاڭلىناتتى:

—بولدىلا، بالا دەم ئالسۇن. ئاخىرىنى ئەتە ئېيتىپ بېرىڭ.

—ھوي ئانىسى،—دەيتتى ئاتام شۇ چاغدا،—بالىنىڭ مۇشۇنداق رىۋايەت-چۆچەكلەرنى كۆپ تىڭشاپ ئاڭلىغىنى ياخشى، ئۇلارنى ئۇرغۇن بىلگەنگە نېمە يەتسۇن.

ھازىر ئاپامنىڭ دۇنيادىن ئۆتكىنىگە بىر نەچچە يىل بولسا، ئاتامنىڭ رەھمەتلىك بولۇپ كەتكىنىگە 41 يىلدىن ئېشىپتۇ. ئەمما ئاتامنىڭ مېنى قېشىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ، ئايرىملىرى تېخىچە يادىمدا. قىزىق يېرى شۇكى، مەن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان چۆچەك ۋە تەمسىللەرنىڭ كۆپچىلىكىنى شۇ كەمگىچە ئۆزۈم ئوقۇغان بىرەر ئېغىز ئىجادىغا ئائىت كىتابلاردىن ئۇچراتقىنىم يوق.

يېڭى يىلدىن باشلاپ باللىقىمدا ئاڭلىغان ئاشۇ چۆچەك ۋە تەمسىللەرنىڭ بىر قىسمىنى كىچىك دوستلار دىققىتىگە ھاۋالە قىلسام، دېگەن ئوي كاللامغا كەلدى.

مۇشۇنداق نىيەتتە يادىمدا قالغانلارنى قەغەز بېتىگە چۈشۈرۈشكە باشلىدىم.

ئابدۇمىجىت دۆلەتوۋ

## باش سۆڭەكى ۋە چۇرۇچ بۇغداي

لوقمان ھەكىمنىڭ زامانىسىدا كامال ئىسىملىك يىگىتنىڭ ئاپىسى ئىنتايىن ئېغىر ئاغرىققا دۇچار بوپتۇ. يىگىتنىڭ ئاپىسنى كۆرسىتىپ بارمىغان يېرى، چاقىرمىغان تېۋىپى قالماپتۇ. بىراق ئاغرىق ساقايماق تۇگۇل كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋېرىپتۇ. ئاخىر ھېچ ئامالى قالمىغانلىقتىن يېقىنلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، كامال قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، لوقمان ھەكىمنىڭ يېنىغا كىرىشنىڭ يولىنى ئىزدەپتۇ.

ئۆز ھۇزۇرىغا كىرگەن يىگىتنى لوقمان ھەكىم ئىللىق قارشى ئاپتۇ. كامال ئاپىسىنىڭ ئاغرىقى ھەققىدە ئۇنىڭغا ئېيتار ـ ئېيتمايلا لوقمان ھەكىم:

—ئاپاڭنىڭ دەردىگە بۇ دۇنيادا داۋا يوق، ئەڭ ياخشىسى، سەن ھازىر ئۆيۈڭگە بارغىن ـ دە، ئۇنى باقىي دۇنياغا ئۇزىتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغىن. ئاپاڭنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈنلا قالدى،—دەپ گەپنى ئۈزۈۋېتىپتۇ.

بىچارە كامال ئۆيىگە بېشىنى ساڭگىلىتىپ قايتىپ كەپتۇ. تەقدىرگە تەن بەرمەسلىكنىڭ ئىلاجى يوققۇ. بۇ ئەمدىلا ئېتىزدىكى بۇغدايلار چۇرۇچ بولۇشقا باشلىغان مەزگىل ئىكەن. ئاپىسى كامالنىڭ ئۆزىگە قاراپ، ھەممە نەرسىنى بىردىن چۈشىنىپتۇ ۋە بالىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

—كامال، سەن مېنى ياخشى كۈتتۈڭ، ئاغرىقىمنى ساقايتىشقا بارلىق كۈچۈڭنى سالدىڭ. مەن سېنىڭدىن ئىككى دۇنيا رازى. مېنىڭ بىرلا ئارمىنىم—ئەتە ھارۋاڭنى قوشۇپ، مېنى بۇغدايلىققا ئېلىپ چىقساڭ. سېنىڭ تەرگەن، ئۆستۈرگەن بۇغدايلىرىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي، شۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىشقا مەن رازى.

كامال ئاپىسىنىڭ تەلىپىنى دەررۇ بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئات قوشۇلغان ھارۋىسىغا ئاپىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئېتىزلىققا راۋان بوپتۇ.

ئاپىسى ئۆپچۆرىسىگە قاراپ، تەبىئەت گۈزەللىكىدىن سۆيۈنۈپ خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، ئاغرىقىنى سەل بولسىمۇ ئۇنتۇپ، سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ھارماپتۇ. بۇغدايلىقنىڭ چېتىگە كېلىپ، ھارۋىسىنى توختاتقان كامال ئاپىسىنى يۆلەپ، ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

ئانا يىراق ـ يىراقلارغا قارىغاچ، تۇيۇقسىزلا بىر نەرسىنى كۆرۈپ، چۆچۈگەندەك كامالغا قاراپتۇ.

—بالام،—دەپتۇ ئۇ،—ئاۋۇ ھەممە بۇغدايلاردىن ئېگىز ئىگىشىپ تۇرغان ئىككى بۇغداي بېشىنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇلار چۇرۇچ بولغان ئوخشايدۇ، يۇلۇپ ئېلىپ كەلگىنە، ئۇۋۇتۇپ يېگۈم كېلىۋاتىدۇ.

كامال يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىككى بۇغداي بېشىنى يۇلۇۋېلىپ، ئالىقىنىدا ئۇۋۇتۇپ، بۇغداي دانلىرىنى ئانىسىغا ئۇزىتىپتۇ. ئاپىسى دەررۇلا ئۇلارنى ئاغزىغا سېپتۇ ـ دە، يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ. شۇ بوپتۇ، ئۇلار ئېتىزلىقتىن قايتىپ ئۆيگە كەپتۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ئاشۇ كۈندىن كېيىن ئانىنىڭ كۈچىگە كۈچ، قۇۋۋىتىگە قۇۋۋەت قوشۇلۇپ، ئاغرىقى ئاستا ـ ئاستا ساقىيىپ، بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ نېمىدىن، قانداق سەۋەبتىن يۈز بەرگەنلىكى ئانىغىمۇ، كامالغىمۇ سىر بولۇپ قاپتۇ. بىراق كامالغا ئەلەم قىلغىنى، لوقمان ھەكىمنىڭ ئانىسىنى ساقايمايدۇ دېگىنى. تووۋا، ئاشۇنداق داڭلىق تېۋىپمۇ مۇشۇنداق ئادىشىدىكەندە!

كامال بىر كۈنى لوقمان ھەكىمنىڭ ئالدىغا يەنە بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىچىدىكىنى تۆكۈپ تاشلاپتۇ.

—لوقمان ھەكىم، سىز دۇنيادا تەڭداشسىز تېۋىپسىز. ئەمما شۇنىڭغا مەن شەك كەلتۈرۈۋاتىمەن. ئېسىڭىزدىمۇ، بۇنىڭدىن بىر ئاز ۋاقىت ئىلگىرى ئالدىڭىزغا كەلگىنىمدە، ھەتتا ئاپام توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى تىڭشىماي، ئۇنىڭ ئاغرىقىنىڭ ساقايماسلىقىنى ئېيتىپ، ئۆلۈمدىگە چىقارغان ئىدىڭىز. بىلمەيمەن، نېمە سەۋەب بولدى، ھازىر ئاپام تامامەن ساقىيىپ كەتتى. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

—ئاپاڭ ساقايغان بولسا، ئىنتايىن ياخشى بوپتۇ. بىراق بۇ داۋاسىز بولغىنى يوق. سەن ماڭا بىرلا نەرسىنى ئېيتقىن، سەن ئاپاڭنى قەيەرگە، قايسى بۇغدايلىققا ئاپاردىڭ؟

كامال ئاپىسىنى بۇغدايلىققا ئاپارغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، لوقمان ھەكىمغا بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان لوقمان ھاكىم شۇ يەردىلا كامالنى يېنىغا ئالغاچ، ئۇنىڭ بۇغدايلىقىغا قاراپ يول تۇتۇپتۇ. ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن:

—ماڭا چۇرۇچ بۇغداينى ئالغان يېرىڭنى كۆرسەت،—دەپتۇ.

كامال كۆرسەتكەندىن كېيىن، لوقمان ھەكىم ئاشۇ بۇغدايلار ئۈنگەن يەرنى كولىغان ئىكەن، قولىغا ئادەمنىڭ باش سۆڭەكى چىقىپتۇ.

سۆڭەكنى قولىغا تۇتقاچ، لوقمان ھەكىم:

—مانا كۆردۈڭمۇ، باش سۆڭەكنىڭ مۇنۇ ئىككى كۆزىنىڭ ئورنى تۇرغان يەردىن ئىككى باش بۇغداي ئۈنۈپ

چىققان. ئاپاگىنىڭ داۋاسى مۇشۇ ئىدى. بىراق سەن ماڭا كەلگەن چاغدا مەن مۇشۇنداق كۆمۈلگەن باش سۆڭەك بار يەردىن ئۈنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىدىن ئىككى باش بۇغداي ئۈنۈپ چىقىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، پەقەت ئۇ چۈرۈچ بولغاندىلا ئاپاڭغا يېگۈزسەڭ داۋا بولىدۇ، دېگەن بولسام، بۇ چۆچەككە ئوخشاپ قالاتتى. چۈنكى سەن ئۈنداق ئۈنگەن بۇغداينى قەيەردىن تاپاتتىڭ؟! ئاپاڭ خۇدا بەرگەن ئايال ئىكەن. بۇ ـ ئۇنىڭ تەلىيى. داۋاسىنى ئۆزى تېپىپتۇ. ئەسلي بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ئاغرىقنىڭ داۋاسى بار. پەقەت سەۋەب، يەنىلا سەۋەب كېرەك،ــــدېگەن ئىكەن.

## ئۇمىد ۋە يىلانلار پادىشاھى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تېرىق تولۇمدا، بىر شەھەردە ئىككى ئاغىنە ياشىغان ئىكەن. بىرىنىڭ ئېتى ئۇمىد، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى ساتقۇنجان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بەك ناچارلىقىدىن، تاپقان ـ تەرگىنىنى قورساقتىن ئاشمايدىكەن. ئۇمىد ئائىلىدە يالغۇز ئوغۇل بولۇپ، ئاتىسىدىن كىچىك چېغىدىلا ئايرىلىپ، ئانىسى بىلەن تۇرىدىكەن.

ئۇمىد بىلەن ساتقۇنجان قىش ـ ياز دېگىدەك قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ كالا ـ قويلىرىنى بېقىپ تىرىكچىلىك قىلغاچقا، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان شەھەر ئەتراپىدا ئۇلار بىلمەيدىغان جاي يوق ئىكەن. ئاشۇنداق ئەھۋالدا كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ، ئايلار يىللارنى قوغلاپ، ۋاقىت ئۆتۈۋېرىپتۇ. كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇلار تاغقا يېقىن جايدىكى ئوتلاقتا كالا ـ قويلىرىنى بىر جايغا توپلاپ، ئەمدىلا ئۆي تەرەپكە قايتايلى دەپ تۇرغاندا، ھاۋا تۇتۇلۇپ، بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئىككىسى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، غارتاش كامارلىرىنىڭ بىرىنى دالدا قىلىپ ئولگۇرۇپتۇ. بىر تۇرۇپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قاراپ، بىر تۇرۇپ كالا ـ قويلىرىغا قاراپ، ئۇمىد قولىدىكى تايىقى بىلەن يەرنى كوچىلاۋېرىپتۇ. بىر نەرسە «پۇتۇڭنىڭ تۇۋىگە قارا» دېگەندەك قىلىپ قاپتۇ، قارىسا، تايىقى بىلەن كوچىلاۋاتقان يەردە تۇۋاقا ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ئىزناسى تۇرغىدەك. ئۇ دوستى ساتقۇنجانغا قولىدىكى تاياقنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، توپىنى ئۇياق ـ بۇياققا قايرىپ قارىسا، ھەقىقەتەنمۇ يوغان تۇۋاقا ئوخشاش بىر نەرسە چىقىپتۇ. ئىككى دوست ئۇنى ئېچىپ قاراپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئىشەنمەي قاپتۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئىنتايىن چوڭقۇر قۇدۇق بولۇپ، ئۇ تار يەرنىڭ ئۈستىگىچە ھەسەل بىلەن تولدۇرۇلغان ئىكەن.

قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قويغان ئۇمىد بىلەن ساتقۇنجان خېلى ۋاقىتقىچە تىلى تۇتۇلۇپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قاپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىگە كەلگەن ئۇمىد مۇنداق دەپتۇ:

ــــدوستۇم ساتقۇنجان، بۇنى بىزگە خۇدايىم بەردى. ھەر كۈنى پادىنى ھەيدەپ ئۆيگە قايتقىنىمىزدا، قۇدۇقتىن پەقەت بىر چېلەكتىنلا ھەسەل ئېلىۋالايلى. شۇنىڭ ئۆزى بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىزنى ئوڭشاپ، خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشىمىزگە يېتىدۇ.

ساتقۇنجان بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئىككى دوست قۇدۇقتىكى ھەسەلنى ھەر كۈنى چېلەكلەپ توشۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ تېگىگىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. ئەلۋەتتە ھەسەل سېتىپ، باي بولۇپ كەتمىسىمۇ، تۇرمۇشى ھاللىق كىشىلەر قاتارىغا ئاللىقاچان قېتىلىپتۇ. شۇنداقلا ئىككى دوست ھېچكىمگە ئېيتماي، خېلىلا ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقىمۇ دۇنيالارنى يىغىپ قويۇپتۇ.

قىسقىسى، ئەڭ ئاخىرىدا قۇدۇقنىڭ تېگىدە بىرەر چېلەك ھەسەل قالغان چاغدا، ئۇنى قانداق قىلىپ ئېلىشنى ئويلاشقا ئىككى دوست بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ. چۈنكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇلار ھەسەلنى ئارغامچا باغلانغان چېلەكنى قۇدۇققا تاشلاپلا ئۇسۇپ ئالىدىغان، ئەمدى ئۇنداق ئېلىش مۇمكىنچىلىكى يوق. قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، بىرىنىڭ قۇدۇق تېگىگە چۈشۈشى لازىم ئىكەن.

ــــئۇمىد، بىر قۇدۇق ھەسەلنىڭ تېپىلىشىغا ئۆزۈڭ سەۋەبچى بولغان ئىدىڭ. ئەمدى ئۇنىڭ قالغىنىنى ئېلىپ چىقىشمۇ ساڭا تەئەللۇق بولسا كېرەك،ــــدەپتۇ ساتقۇنجان.

ئۇمىد بېلىگە ئارغامچىنى باغلاپ، قۇدۇق تېگىگە چۈشۈپتۇ ـ دە، چېلەككە قالغان ھەسەلنى سېلىپ يۇقىرىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇدۇق يېنىدا تۇرغان ساتقۇنجاننىڭ كاللىسىغا يامان ئوي كەپتۇ. «بىزنى ھېچكىم كۆرمىدى، ئەگەر ھازىر ئۇمىدنى قۇدۇق تېگىدىن چىقارىۋالسام، يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشىمىزنى ئىككىگە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇنى مۇشۇ قۇدۇق تېگىگە تاشلاپ كەتسەم كىم كۆرۈپتۇ... ھەممە دۇنيا مېنىڭ بولۇپ قالامدۇ» دەپلا قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى شارتلا قىلىپ يېپىۋېتىپتۇ.

ئۇ ئۆيگە بارغاندا، ئۇمىدنىڭ ئاپىسىغا «بالاڭلارنى بۆرىلەر تالاپ كەتتى»، دەپ يالغان ئېيتىپتۇ.

قاپقاراڭغۇ قۇدۇق ئىچىدە قالغان ئۇمىد: «يېقىن دوستۇم ۋاپاسىزلىق قىلدى. مېنىڭ ئۆلگەن يېرىم مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ بىر هازاغىچە جىم ئولتۇرۇپتۇ. هېچنېمىدىن هېچنېمە يوق قولىدىكى بەكسى بىلەن قۇدۇقنىڭ بىر يېقىنى يۇنۇپ كولاشقا باشلاپتۇ. تۇيۇقسىزلا ئۇ كولاۋاتقان يەردىن تۆشۈك ئېچىلىپ، قۇدۇقنىڭ ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ. تۆشۈكنى يوغانلىتىپ قارىسا، بىر ئادەم پاتىدىغانچىلىق ئالتۇن ئىشىك تۇرغان. ئۇ ئاستا ئىتەرگەندە ئىشىك ئېچىلىپتۇ ـ دە، ئۇزۇن يول كۆرۈنۈپتۇ. ئۇمىد «نېمىلا بولسا بولدۇم» دەپ ئاشۇ يولغا چۈشۈپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئوردىغا ئوخشاش جايغا يېتىپ كېلىپ ئالتۇن تەختكە دۈچ كەپتۇ. ئۆزى ناهايىتى هېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئالدىدىكى تەختنى ئىلغا قىلالماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ ـ دە، ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

مۇنۇ قىزىقچىلىقنى قاراڭ، ئەسلىدە ئۇ ئۈستىگە چىقىپ ئۇخلاۋاتقان تەخت يىلانلار پادىشاھىنىڭ تەختى ئىدى...

گويا يەر تەۋرىگەندەك بولۇپ، ئەتراپتا ئالىلىقاندىاق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، بىر نەرسىلەر يېقىنلىشىپ كەپتۇ. ئۇمىد كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىگە كەلگىچە ۋاژىلداپ كەتكەن مىڭلىغان يىلان ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىنى ئورۇۋاپتۇ ـ دە، يىلانلار ئۆز پادىشاھىنى ئۇمىدنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

ـــ هەي، ئادەمزات، ـــ دەپتۇ يىلانلار پادىشاھى تىلغا كىرىپ، ـــ سەن بىزنىڭ بىر قۇدۇق هەسلىمىزنى توشۇپ تۇگەتتىڭ، ئەمدى ئۇنى ئاز دەپ، مېنىڭ تەختىمگە چىقىپ ئولتۇرۇۋاپسەن. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

ئۇمىد هەسەلنىڭ يىلانلار پادىشاھىغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى تامامەن بىلمەيدىغانلىقىنى، دوستىنىڭ خائىنلىق قىلىپ تاشلاپ كەتكەنلىكىنى، مۇنۇ تەختكىمۇ ئۆزىنىڭ قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ.

چىن دىلىدىن ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يىلانلار پادىشاھى ئۇنى كەچۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

ـــ بوپتۇ، مەن ساڭا ئىشەندىم، هازىر سېنى يۇقىرىغا چىقىرىپ قويىمىز. ئۆيۈڭگە كېتىسەن، ئەمما بىر شەرتىم بار. هېچكىمگە، هېچقانداق يەردە مېنى كۆرگەنلىكىڭ هەققىدە ئېغىز ئاچمايسەن، مەن هەققە گەپ قىلغىنىڭ ـــ ئۆلگىنىڭ.

ئۇمىد قەسەم قىپتۇ.

يەر ئۈستىگە چىقىپ، هېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆيىگە كەلسە، ئاپىسى يىغلاپ ئوغلىنىڭ دەردىدە قارىغۇ بولۇپ قالغان. ئۆي ئىچىدىن نامراتچىلىق يېغىپ تۇرغان. ئۇمىد ئۆيگە كىرمەي، دەررۇ ساتقۇنچاننىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇ باي بولۇپ كەتكەن. پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىنىڭ بىرى بولۇۋالغانىكەن. ئۇمىد بىر ئامال قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. «ماڭا پەقەت ئۆزۈمگە تەئەللۇق دۇنيالىرىمنى بەرگىن، ئارتۇقى كېرەك ئەمەس. بولمىسا بارلىق سىردىمىزنى خەلقئالەم ئالدىدا ئېچىپ تاشلايمەن»، دەپ ساتقۇنچاننى قورقۇتۇپ، ئۆزىگە كېرەكلىك ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ياندۇرۇۋېلىپ، ئاپىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئانا «كۆزۈم كۆرمىسە كۆرمىسۇن، ئىش قىلىپ بالام هايات ئىكەن» دەپتۇ. ساتقۇنچاننىڭ يالغانچىلىقىغا، خائىنلىقىغا لەنەت ئوقۇپتۇ. ئائىلىدىكى خۇشال ـ خۇراملىق، خاتىرجەملىك قايتىدىن ئورناپ، بەختلىك هايات قايتىدىن باشلىنىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن ئاڭلايلى:

بىرئاز زامانلار ئۆتۈپ، پادىشاھ ئىنتايىن ئېغىر ئاغرىققا گىرىپتار بوپتۇ. نە ـ نە شەھەرلەردىن، يات ئەللەردىن تېۋىپلار كېلىپ كۆرۈپتۇ، ئەمما ياخشى قىلالماپتۇ. يات ئەللەردىن كەلگەن رەمچى ـ تېۋىپلارنىڭ بىرى پادىشاھنىڭ ۋەزىرىگە:

ـــ پادىشاھىڭلار پەقەت يىلانلار پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى قاينىتىپ، شورپىسىنى ئىچكەندە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ـــ دەپتۇ.

ـــ يىلانلار پادىشاھىنى قەيەردىن تاپىمىز؟ شورپىسىنى قانداق ئىچكۈزىمىز؟ ـــ دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

ـــ يىلانلار پادىشاھىنى بىلىدىغان ئادەمنى تېپىش تەس، بىراق ئۇنىڭ يولى يوق ئەمەس، بار. ئۇ مۇنداق، مۇنچىنى راسا قىزىتىپ، ئادەملەرنى شۇنىڭغا كىرگۈزۈش كېرەك. تېنى قىزىل بولغان كىشىلەر هېچ نېمە بىلمەيدۇ. كىمنىڭ تېنى كۆكەرسە، ئۇ يىلانلار پادىشاھىنىڭ ئوردىسى قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شورپا دېگەندە، يىلانلار پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرىنچى قايناتقان شورپىسى ـــ زەهەر. ئۇنى تۆكۈۋېتىش كېرەك. ئىككىنچى قايناتقان شورپىسىنى ئىچكەن ئادەم دۇنيادا يوق بىلىمنى ئىگىلەپ، ئاجايىپ تېۋىپ بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۈچىنچى شورپىسىنى پادىشاھقا بېرىش كېرەك. ئۈچىنچى شورپا ـــ پادىشاھنىڭ دورىسىدۇر، ـــ دەپتۇ.

پادىشاھ ئوردىسىدىكى مۇنچىنى قىزدۇرۇپ، ۋەزىر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق ئادەملەرنى تىزىملاپ، مۇنچىغا ئەكىرىشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭغا نەچچە كۈنلەر، نەچچە ئايلار كېتىپتۇ. تېنى كۆكەرگەن ھېچكىم يوق. ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساتقۇنجان ۋەزىرنىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇنچىغا بىر كىشىنىڭ كىرمەي قېچىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كونا دوستى ئۇمىد ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇپتۇ.

ۋەزىر نۆكەرلەرگە ئۇمىدنى قەيەردىن بولسا تېپىپ، ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. نائىلاج مۇنچىغا كىرىشكە مەجبۇر بولغان ئۇمىدنىڭ تېنى بىردىنلا كۆكىرىپتۇ.

مۇنچىدىن چىققان ئۇمىدنى ۋەزىر سوئال- سوراققا ئاپتۇ. ئۇرۇپتۇ، قىيناپتۇ. ئاخىر ئۇنى «يىلانلار پادىشاھىنىڭ ئوردىسىنى بىلمەن» دېگۈزۈپتۇ. يىلانلار پادىشاھىنى ئۇۋىسىدىن چىقىرىش ئۈچۈن قانداقتۇر بىر ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا، ئۇمىدنىڭ ئاشۇ ئۇۋا ئالدىدا ئولتۇرۇشى شەرت ئىكەن.

ۋەزىر ھەممە رەسىم- قائىدىنى ئورۇنداپ، ئۇمىدنى ئالدىغا سېلىپ، بىر توپ نۆكەرلىرى بىلەن تاغ باغرىغا كەپتۇ. بىچارە ئۇمىد ئۆزى خالىمىسىمۇ، ئامالسىز يىلان ئۇۋىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئايەت ئوقۇشقا باشلاپتۇ. بىر مەزگىلدە ھەممە ئەتراپ تىترەپ- تەۋرەنگەندەك بولۇپ، يىلانلار ئۇۋىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ ئەتراپنى قاپلاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر توپ يىلانلار پادىشاھىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇمىدنىڭ قوينىغا سېپتۇ.

—مەن ساڭا نېمە دېگەن؟ ۋەدەڭدە تۇرمىدىڭ، مېنىڭ قولۇمدا ئۆلۈشنى تاللىۋالغان ئوخشايسەن،— دەپتۇ يىلانلارنىڭ پادىشاھى.

ئۇمىد ئۈن سېلىپ يىغلاپ، ئۆزىنىڭ ئامالسىز مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىلانلار پادىشاھىنىڭ قولىدا ئۆلۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئۇنىڭ بىگۇناھ ئاققان كۆز يېشى تەسىر قىلدىمۇ ياكى بىچارە ئەھۋالىنى كۆرۈپ رەھمى كەلدىمۇ، يىلانلار پادىشاھى باشقىچە سۆزلەپتۇ:

—بوپتۇ، سەن قانچە يامانلىق قىلساڭمۇ، مەن ساڭا يەنە ياخشىلىق قىلاي، مېنى ئۆلتۈرۈپ قايناتقاندىن كېيىن، ۋەزىر بىرىنچى شورپامنى سېنى ئىچكىن دەيدۇ. ھەرگىز ئىچمە. بىرىنچى شورپام- زەھەر. ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ۋەزىرنىڭ ئۆزىگە ئىچكۈزۈۋەت. ئىككىنچى شورپامنى ئۆزۈڭ ئىچ. ئۇنى ئىچكەن ئادەم دۇنيادا يوق ئەقىل- پاراسەت ئىگىسى، ئاجايىپ تېۋىپ بولۇپ چىقىدۇ. ئۈچىنچى شورپامنى پادىشاھقا ئىچكۈز. ئۇنىڭ داۋاسى— مېنىڭ ئۈچىنچى شورپام.

ھەممە نەرسىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن يىلانلار پادىشاھىنى ئۇمىدنىڭ ئۆزى ئۆلتۈرۈشى، ئۆلۈكنى قازانغا سېلىپ قاينىتىشى كېرەك ئىكەن.

ئۇمىد يىلانلار پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، قازانغا سالغاندىن كېيىن ۋەزىر ئۇنىڭغا:

—بىرىنچى شورپىنى ئۆزۈڭ ئىچ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى شورپىنى ئايرىم- قاچىلارغا قويۇپ، مۇنۇ يەرگە قويىسەن،— دەپ جېكىلەپتۇ.

يىلانلار پادىشاھىنىڭ ئۆلۈكىنى قاينىتىپ، ئۇمىد ئوغرىلىقچە ئىككىنچى شورپىسىنى ئۆزى ئىچىۋاپتۇ- دە، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى شورپىلىرىنى ۋەزىر دېگەن يەرگە قويۇپ قويۇپتۇ.

ھېچنېمىدىن گۇمانلانمىغان ۋەزىر «يىلانلار پادىشاھىنىڭ ئىككىنچى شورپىسى» دەپ ئۇمىد قولىغا تۇتقۇزغان قاچىدىكى شورپىنى بىرلا سۈمۈرگەچ، بىرئاز تەڭشىلىپ تۇرۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلىغان پادىشاھ «ئەمدى قانداق قىلدىم؟ مېنى كىم ساقايتىدۇ؟» دەپ داد- پەرياد قىپتۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆزىنى ئاجايىپ بىر ئەھۋالدا سەزگەن ئۇمىد پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ساقايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قولىدىكى شورپىنى ئىچكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ھېچنېمە كۆرمىگەندەك، بىردىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئوردىدىكىلەر، ئائىلىسىدىكىلەر زور خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

شۇ يەردىلا پادىشاھ ئۆزىنىڭ يالغۇز قىزىنى ئۇمىدگە بېرىدىغانلىقىنى ۋە پادىشاھلىقنى ئىشەنچلىك ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ۋە پادىشاھلىقنى ئالغان ئۇمىد ئاز ئۆتمەي ئاپىسىنى ئوردىغا ئەكېلىپ، ئۆزى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. ئاپىسىنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ. ئۇمىدنىڭ شۇنچىلىك بەختكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرەلمىگەن كونا دوستى ساتقۇنجان ساراڭ بولۇپ، ھازىرمۇ ئاشۇ بىر تاغ باغرىدىكى بىر چاغلاردا ھەسەل بىلەن تولدۇرۇلغان يىلانلار پادىشاھىنىڭ قۇدۇقىنى ئەگىپ، ھۇۋلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شېرىپىدىن پالتىيېۋ
توپلىغۇچى: ئابدۇمىجىت دۆلەتوۋ
تەييارلىغۇچى: ئىمىن ئابلا

# ئاناتولىيىدىكى ئۇيغۇر رايونى ئۈستىدە تەكشۈرۈش

ئابدۇكېرىم رەھمان




مۇتەللىپ «ئۇيغۇر بەلدىيە»سىدىكى ماي پونكىتىدا

## كىرىش سۆز

2007 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرە شەھرىدە 89 دۆلەتتىن كەلگەن 1500 دىن كۆپرەك ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر قاتناشقان «38.ICANAS» خەلقئارا ئىلمىي كونفېرېنسىيىسى ئېچىلدى.

«ICANAS» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «خەلقئارا ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا ئىلمىي كونفېرېنسىيىسى» (International Congrees Asian and North African studies) دېگەن ئىلمىي تەشكىلات نامىنىڭ باش ھەرپلىرىدىن قۇراشتۇرۇلغان قىسقارتما سۆز بولۇپ، بۇ تەشكىلات 1874 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ پايتەختى پارىژ شەھرىدە قۇرۇلغان. «ICANAS» ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭدا تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، دىن، پەلسەپە، ئانتروپولوگىيە، مەدەنىيەت (كولتۇر)، ئارخېئولوگىيە، ئىقتىساد، سەنئەت، مۇزىكا، ئەل ئىچى تېبابىتى، فولكلور، ئېتنوگرافىيە، ھۈنەر ـ كەسپ، خارجى ئىشلار (خەلقئارا ئالاقە)، ساياھەت قاتارلىق كۆپ خىل سالونلار بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئومۇمەن، «ICANAS» نامىدىكى بۇ خەلقئارا كونفېرېنسىيە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت، مىللەتلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئورتاق قوغداش ۋە ئېچىشنى نىشانلىغان. «ICANAS» ئۆزىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئەزا دۆلەتلەر ئارا نۆۋەت بىلەن خەلقئارا ئىلمىي كونفېرېنسىيە ئۇيۇشتۇرىدۇ. «ICANAS» نامى بىلەن ئاتالغان بۇ ئىلمىي تەشكىلات ئۆزىنىڭ 133 يىللىق تارىخىي مۇساپىسىدە ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا دائىرىسىدىن ھالقىپ ئالتە قىتئەدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرى ئىشتىراك قىلىدىغان دۇنياۋى ئىلىم سورۇنىغا ئايلاندى. 38 ـ نۆۋەتلىك «ICANAS» نىڭ ساھىبخان دۆلىتى تۈركىيە بولۇپ، 28 دۆلەتنىڭ ئىلىم يېتەكچىلىرىدىن تەركىب تاپقان تەييارلىق كومىتېتى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى كونفېرېنسىيىگە «ICANAS»نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئېلىمىزدىن سەككىز نەپەر ئىلمىي خادىم قاتناشتى. «38.ICANAS»نىڭ مۇدىرى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى «ئاتاتۈرك كولتۇر، تىل ۋە تارىخ يۇكسەك قورۇمى»نىڭ باشقانى (رەئىسى) پروفېسسور، دوكتور سادىق تۇرال ۋە كورېيىدىن كەلگەن پروفېسسور، دوكتور جاڭ يۇڭجۇن بىلەن يىغىن ئارىلىقىدىكى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە قىزىقارلىق بىر ئىلمىي ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم.

— رەھمان بېگ، سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار تارىختا ئۆز بېشىدىن ئاجايىپ قىسمەتلەرنى كەچۈرگەن بىر جەڭگىۋار خەلق ئىكەن، — دەپ سۆز باشلىدى سادىق تۇرال خوجا.

— قانداق دەيسىز؟ — دېدىم، سوئال نەزەرىم بىلەن. مەن 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تارىخ قورۇمى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەراتنالىلار» (ERATNALILAR) ناملىق

بىر تارىخ كىتابىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ كىتاب بۇنىڭدىن 700 يىللار ئىلگىرى ئاناتولىيە ① دە بەگلىك قۇرغان ئەرەتنا ئىسىملىك ئۇيغۇر ئەمىرنىڭ يىرىم ئەسىرلىك تارىخىي پائالىيىتىگە بېغىشلانغان. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ ئۇيغۇر ئېتنونىمى بىلەن ئاناتولىدا ياشاۋېتىپتۇ.

— بىزنىڭ كورىيىدىمۇ ئاشۇ دەۋرلەردە يەرلىكلەشكەن ئۇيغۇرلار بار. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخاننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرى تەركىبىدە كورىيىگە بېسىپ كىرىپ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كورىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ قاپتىكەن. ھازىر 1000 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر بىر يېزىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. مەن ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئىككى پارچە مونوگرافىيە ئېلان قىلغانىدىم. لازىم تېپىلسا سىزگە ئەۋەتىپ بېرەي. ناۋادا قىزىقسىڭىز كورىيىگە كېلىپ بۇ ئەجدادلىرىڭىزنى زىيارەت قىلىڭ. مەن سىزگە ياردەمدە بولىمەن، — دېدى كورىيىلىك تىلشۇناس دوستىمىز جاڭ يۈگجۇن ئەپەندى.

بۇ ئىككى ئۇچۇر مېنى بەكمۇ جەلپ قىلدى. تۈركىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر قىسىم ۋەتەنداشلاردىن بۇ ھەقتە سورىسام بۇ ئۇچۇردىن ھېچقايسىسىنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. «توۋا، بىر زېمىندا ياشاپ تۇرۇقلۇق ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىدىن خەۋەرسىز ياشاپتۇ-دە، ئۇلار» دەپ پىچىرلىدىم ئىچىمدە. يۇقىرىقى ئىككىيلەننىڭ پارىڭى مەندە كۈچلۈك قىزىقىش قوزغىدى. نەتىجىدە چوقۇم پۇرسەت چىقىرىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىش قارارىغا كەلدىم. ۋەھالەنكى، بىز 17 - سېنتەبىر ئىستانبولدىن ئۇرۇمچىگە ئۇچىدىغان سامالىيوت بېلىتىنى ئالدىن سېتىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدە ئەرەتنا ئەۋلادلىرى ئولتۇراقلىشىپ قالغان رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى. كۆڭلۈمگە پۈككەن بۇ پىلاننى ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 2007 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى «ئاتاتۈرك كولتۇر، تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قورۇمى» (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى) رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان «6 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئاتاتۈرك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ② غا قاتنىشىش جەريانىدا ئىشقا ئاشۇردۇم. بۇ قېتىمقى يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۈركىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېنىدىكى «تارىخ قورۇمى»غا بېرىپ، ئۇلار KEMALGODE تەمىنلىگەن يىپ ئۇچى بويىچە مۇئەللىپ (كامال گودە)نىڭ 1994 - يىلى تۈرك تارىخ قورۇمى باسمىخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ERATNALILAR» (ئەرەتنالىلار) ناملىق بىر تارىخ كىتابىنى تاپتىم ھەمدە تۈركىيىدىكى بىر قىسىم ئالاقىدار خادىملار ماڭا ئاناتولىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئاماسيا ۋىلايىتىدە بىر «ئۇيغۇر بەلدىيىسى» (ئۇيغۇر رايونى) بار ئىكەنلىكى، ھازىرغىچە «ئۇيغۇر» نامى بىلەن بۇ رايوندا ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقلەر ئۇيغۇر بېگى ئەرەتنانىڭ جەمەتىدىن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تونۇشتۇردى. مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن پروفېسسور، دوكتور سادىق تۇرال خوجىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەنقەرەدىن 700 نەچچە كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى قارا دېڭىز بويىغا جايلاشقان تاغلىق شەھەر ئاماسياغا يۈرۈپ كەتتىم.

* * *

ئاماسيا قارا دېڭىزدىن باشلانغان تاۋۇر تاغلىرىنىڭ يايلىغا جايلاشقان ئۆزى كىچىك، ئەمما ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم تارىخىي شەھەر ئىكەن. شۇڭا، تۈركىيە تارىخىدا «پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەر شەھىرى» دەپ سۈپەتلىنىدىكەن. تاغ جىلغىسىدىكى بېلىق شەكىللىك بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەريا ئېقىپ بولۇپ، دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى ئېگىز تاغ بىلەن قورشالغان، تاغنىڭ ئەڭ بۈيۈك چوققىسىغا جايلاشقان «ئاماسيا قەلئەسى» بۇ شەھەرگە سىرلىق تۈس بېرىپ تۇرىدىكەن، بۇ قەلئەلەر سالجۇقلار خانلىقى (1031 - 1157) دەۋرىدە رىم ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە تۈرك سالجۇقلار خانلىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان تارىخىي مىراس بولۇپ، ئۇ ھازىر تۈركىيىدىكى قوغدىلىدىغان ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ قەلئەلەر تىك قىيالىق تاغنىڭ قاپتىلىدىن كېمىر ئۆي شەكلىدە قورام تاشلاردىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ئىچكى قىسمى بىر - بىرىگە تۇتۇشىدىكەن. قەلئەنىڭ ئۈستى ئېگىز تاغ چوققىسى بولۇپ، چوققىنىڭ ئۈستىگە تاشقوۋۇق ياسالغان. بۇ تاشقوۋۇقنىڭ تۆت تېمىغا كۈنگرا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تاغنىڭ باغرىدا دەريا ئېقىنىغا يۈلەپ سېلىنغان تۈرك ئۇسلۇبىدىكى ھەيۋەتلىك بىنالار، مېھمانسارايلار، ئۈچ - تۆت قەۋەتلىك شەخسىي ئۆيلەر، كۆك گۈمبەزلىك مەسچىت مۇنارلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

دەريانىڭ سول تەرىپىگە شەھەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىدە 1485 ـ يىلى سېلىنغان مەخمەت پاشا بۈيۈك جامەسى ۋە كۈمۈش جامەسى بار. جامەنىڭ ئالدىدىكى مەرمەر ياتقۇزۇلغان دەريا لېۋىدىكى مەيدانغا ئاماسيادا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئوسمان ئىمپېرىيىسى سۇلتانلىرىدىن بايازىد II (XV ئەسىرنىڭ باشلىرى)، مەخمەت پاشا (1458 ـ يىللار)، سۇلتان سەلىم I ياۋۇز (1519 ـ يىللار)، سۇلتان I سۇلايمان قانۇنى (1560 ـ يىللار)، سۇلتان II سەلىم (1573 ـ يىللار)، سۇلتان III مۇرات (1587 ـ يىللار)، سۇلتان I ئەخمەت (1617 ـ يىللار)، سۇلتان II مۇستافا (1699 ـ يىللار) ۋە سۇلتان III ئەخمەت (1709 ـ يىللار) ③ قاتارلىق توققۇز نەپەر پاشانىڭ ئالتۇن ھەللىك ھەيكىلى قاتۇرۇلغان. مېنى ھەممىدىن جەلپ قىلغىنى مۇشۇ ھەيكەل باغچىسىنىڭ باش تەرىپىدىكى «FERHATILE Ş IRIN» دەپ خەت ئويۇلغان «پەرھاد بىلەن شېرىن»نىڭ ھەيكىلى بولدى. ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 5.4 مېتىر كېلىدىغان مەرمەر تاشلىق بۇ ھەيكەلدە قولىدا جوتۇ تۇتقان پەرھادنىڭ بېستون تېغىنى يېرىپ ئۆستەڭ قېزىۋاتقان قىياپىتى بىلەن ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننىڭ بىر ھېجىر سۇنى ئاشىقى پەرھادقا ئىككى قوللاپ سۇنۇۋاتقان قىياپىتى سۈرەتلەنگەن. ھەيكەلنىڭ ئاستىدىكى خاتىرە تاشقا ئويۇلغان چۈشەندۈرۈشتە، ئەرمەن مەلىكىسى شېرىنگە ئاشىق بىقارار بولغان پەرھاد ئەرمەن پادىشاھىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن، قارا دېڭىز بويىدىكى قورام تاشلىق ئاقتاغنى يېرىپ ئۆستەڭ قېزىپ، يۇرتقا سۇ باشلاش ئىرادىسى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ھەمدە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، مىڭبىر جاپادا بېستون تېغىنى يېرىپ غەلىبە قىلغانلىقى، ئاماسيادىكى مۇشۇ دەريا پەرھاد قازغان ئۆستەڭنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭلاشقا ئاماسيالىقلار بۇ ئۆستەڭنى «پەرھاد ئۆستىڭى» دەپمۇ ئاتىغانىكەن. دېمەك، دۇنياغا كەڭ تارقالغان «پەرھاد ـ شېرىن رىۋايىتى» بۇ تاغلىق شەھەردە رېئال تارىخقا ئايلىنىپتۇ. ئېھتىمال بۇ گۈزەل رىۋايەتنى XIII ئەسىرلەردە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن ھالقىپ ئاناتولىيىگە كېلىپ يەرلىكلەشكەن ئۇيغۇرلار ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «ئۇيغۇر بەلېدىيىسى» ئاماسيا ۋىلايىتىگە قاراشلىق 29 بەلېدىيىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاماسيا شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 42 كىلومېتىر كېلىدىكەن.

بىز ئاماسيا شەھىرىنى بىر كۈن زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئەتىسى سەھەردە ۋالىي ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا «ئۇيغۇر رايونى»غا قاراپ يولغا چىقتۇق. ماشىنا بىلەن يېرىم سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن، تۆمۈر بىلەن ياسالغان ئەگمىنىڭ ئۈستىدىكى «uygur Belediyesi» دەپ خەت يېزىلغان تاختىغا كۆزۈم چۈشتى. «ئۇيغۇر رايونى» مانا مۇشۇ چېگرىدىن باشلىنىدىكەن. ئۇ يەردىن بىر كىلومېتىر ئىچكىرىدە ئاسفالت يولغا يانداپ سېلىنغان بىر ماي قاچىلاش پونكىتى بار ئىكەن. بۇ پونكىتنىڭ ئۈستىدىكى قىزىل تاختىغا يېزىلغان «Uygur petrol» (ئۇيغۇر ماي قاچىلاش ئورنى) دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلىپتۇ. ھەتتا پونكىت ئالدىدىكى ھەر بىر ماي تۇڭىنىڭ ئۈستىگىمۇ ئاشۇ ماركا ئېنىق يېزىلىپتۇ. XIII- XVI ئەسىرلەردە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن ئايرىلىپ، 20 نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاناتولىيە زېمىنىنىڭ بۇ خىلۋەت تاغ قاپتىلىدا ماكانلىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۆز ئېتنونىمىنى ئۇنتۇماي «ئۇيغۇر» ماركىسىنى ۋىۋىسكا ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقانلىقىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ۋىۋىسكا ئالدىدا بىر پارچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۈم. شۇ ئەسنادا قارشى تەرەپتىن بىر كۆلرەڭ پىكاپ ئالدىمىزغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن سالاپەتلىك ئىككى ئەر چۈشۈپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن: «Hu Ş geldiniz» (خۇش كەپسىز)، دەپ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن مېنىڭ يول باشلىغۇچۇم ئۇلارنى تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ بىرى مۇشۇ «ئۇيغۇر بەلېدىيىسى»نىڭ پېشقەدەم باشقانى ھەسەن ئەر، يەنە بىرى، توكات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى دوتسېنت ھۈسەيىن ئەپەندى ئىكەن. ھەر ئىككىيلەن مۇشۇ رايوندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇرلاردىن ئىكەن. باشقان ھەسەن ئەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ كەنتنىڭ ئىچىگە يۈرۈپ كەتتۇق. ھەسەن ئەر مېنى ئوڭ تەرەپتىكى تاغ يولى بىلەن ئۆرلەپ «ئۇيغۇر بەلېدىيە باشقانلىقى» (رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى)غا ئېلىپ باردى. ئىككى قەۋەتلىك بۇ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بەش ئاپتوبۇس ۋە ئىككى كومباين رەتلىك تىزىقلىق تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭمۇ ئالدى ـ ئارقىسىغا «ئۇيغۇر بەلېدىيىسى» دەپ تۈركچە خەت يېزىلىپتۇ. بىز بىنانىڭ 2 ـ قەۋىتىدىكى باشقان (مۇدىر) ئىشخانىسىغا چىقىپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇيغۇرچە بىلەن تۈركچە ئارىلاش تە-

لەپپۇزدا بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئېيتقاندىن كې-
يىن، رايون باشلىقى ھەسەن ئەر «ئۇيغۇر بەلبېدىيىسى»-
نىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.

بۇ رايون جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئوڭ ۋە سول تەرىپىنى ئېگىز تاغ ئوراپ تۇرغان بېلىق شەكىللىك خىلۋەت ئارال ئىكەن. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى 7 ــ 8 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 18 ــ 20 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئاماسيا ــ توكات ئاسفالت يولى بۇ رايوننى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يول قارا دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان مەشھۇر تارىخىي شەھەر سامسۇنغا تۇتىشىدۇ. سامسۇن شەھىرى بىز تۇرغان بۇ رايوندىن 210 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، قەدىمكى نامى ئامىسوس (Amissos) دېيىلىدىكەن. بۇ شەھەر XIII ئەسىردىن بۇرۇن ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، XIII ئەسىردە سالجۇق تۈركلىرى بۇ يەرگە يەرلىكلەشكەندىن كېيىن ئىسمى سامسۇنغا ئۆزگەرتىلگەن. 1428 ــ يىلى بۇ شەھەر ئوسمانلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن تۈركىيىنىڭ قارا دېڭىز بويىدىكى ئەللەر بىلەن سودا، مەدەنىيەت ئالاقىسى ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم پورتىغا ئايلانغان ھەمدە ئاماسيا، توكات، سىۋاس قاتارلىق قارا دېڭىز ساھىلىدىكى شەھەر ــ رايونلارنىڭ مەركىزى بولغان. 1 ــ دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە بۇ شەھەر كۈچلۈك جاھانگىرلار تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنىپ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. 1919 ــ يىلى 19 ــ مايدا تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى مۇستاپا كامال پاشا سامسۇنغا كېلىپ مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى قوزغاپ، جاھانگىرلارنىڭ تۈركىيىنى مۇنقەرز قىلىش خەۋپىدىن ساقلاپ قالغان. ئاناتولىيە ئېگىزلىكىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخىغا شاھىد بولغان بۇ گۈزەل پورت بىلەن بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زىچ تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بارلىقى مەلۇم. بىز تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان بۇ «ئۇيغۇر بەلبېدىيە»سىنىڭ باشقانى ھەسەن ئەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر بۇ رايوندا 5200 كىشى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ھېسابلايدىكەن. شۇڭلاشقا ھۆكۈمەت تەرەپمۇ ئۇلار ئولتۇراقلاشقان بۇ رايوننىڭ نامىنى «ئۇيغۇر بەلبېدىيىسى» دەپ ئېتىراپ قىلىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر پارچە پارچە يېزىلغان شەجەرە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوسمانلار سۇلتانلىقىنىڭ (4) دەسلەپكى يىللىرىدا بۇ رايونغا ئۇلارنىڭ ماكانلاشقانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ شەجەرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلى ۋەلىيۇللا ئىمام بىزگە ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

بىزنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرق تەرىپىدىكى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن چىڭگىزخاننىڭ غەربىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان قىسىملىرىغا ئەگىشىپ ئاناتولىيە ئۆلكىسىگە كەلگەنىكەن. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى دەسلەپ قارا دېڭىز، ھەزەر دېڭىز بويلىرى ئارقىلىق سامسوننىڭ لاردىك (Lardik) يېزىسىغا كېلىپ ماكانلاشقان سېيت ئەخمەت ئەۋلادلىرى دەپ قارايمىز. بوۋىمىز سېيىت ئەخمەت كەبىر رۇملار بىلەن بولغان سوقۇشتا شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سېيىت خېلىل، سېيىت سادىق، سېيىت سۇلايمانلار ئۆز جەمەتلىرىنى باشلاپ مانا مۇشۇ «ئۇيغۇر بەلبېدىيە»سىگە كېلىپ ماكانلاشقان ئىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ تۇپراقتا بىر ئەل بولۇپ ياشاپ كېلىۋېتىپتۇق. ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز دائىم «بۇ تۇپراق بىزنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىمىز، ئەسلىي زاتىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار، ئانا ۋەتەننى قايتا كۆرۈش بىزگە نېسىپ بولمىدى. ئۆمۈرلۈك ئارزۇ ــ ئۈمىدلىرىمىز سىلەرگە ئامانەت قالدى...» دەپ ۋەسىيەت قىلاتتى. بىز گەرچە ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر نەسلىدىن ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇلمىغان بولساقمۇ، لېكىن بۇ قوۋمنىڭ قەيەردە ۋە قانداق ياشايدىغانلىقىنى، تارىخىنىڭ قانداق سوغۇق شامالىرى بىزنى بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيمىز. پەقەت غايىۋانە بىر سۆيگۈ ــ مۇھەببەت بىزنى ئۇيغۇر ئېتنونىمىغا باغلاپ تۇرىدۇ. يىراق ئانا يۇرتتىن تۇنجى قېتىم بىزنى يوقلاپ كەلگەن ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمىزدىن ئىنتايىن خۇشالمىز. بىز ھەسەن ئەر باشقاننىڭ تەكلىپى بىلەن سۆھبىتىمىزنى ۋاقتىلىق توختىتىپ، بۇ رايوننى زىيارەت قىلىشقا ماڭدۇق. بۇ يۇرت ماڭا قەشقەردىكى بەشكېرەم باغلىرىنى، تۇرپاننىڭ بۈيلۈق يېزىسىنى ئەسلەتتى. ھەممە يەر باغ ــ بوستانلىق، كوچۇم مەھەللىلەر، تۈرك ئۇسلۇبىدا ياسالغان ئىككى، ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئالدى ــ كەينى مېۋىلىك باغ بولۇپ، ئالما، ئانار، بېھى، گىلاس، ئامۇت، زەيتۇن قاتارلىق نۇرغۇن مېۋىلەرنى تاپقىلى بولىدىكەن. مېۋىچىلىك جەھەتتە ئاناتولىيە بويىچە



«ئۇيغۇر بەلدىيە» سىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت خاتىرىسى

داڭلىق ئىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىدىلا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان كۆك ئامۇت بىلەن بېھىنىڭ بۇ ئۇيغۇر رايونىدا ئومۇميۈزلۈك كەڭ تارالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى بېھى بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكىدەك تېرىسى قوتۇرماچ بولماستىن ئالمىدەك سىدام ۋە سىلىق بولىدىكەن. ئەمما تەمى ئوخشاش ئىكەن. بۇ رايوندىكى كىشىلەر دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن تەمسىل بۇ يۇرتقا تازا باب كېلىدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ مەركىزىگە ئورۇنلاشقان «ئۇيغۇر بەلېدىيە مەكتىپى» باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، 800 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. بۇ مەكتەپتە سەككىز يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، تولۇق ئوتتۇرىنى ئاماسيا شەھرىدە ئوقۇيدىكەن. شەھەرگە بېرىپ ئوقۇيدىغان تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەر كۈنلۈكى بەلېدىيىنىڭ تۆت ئاپتوبۇسى مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكېلىدىكەن. بۇ رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە بىر دوختۇرخانا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششقلاپ ئىشلەش فېرمىسى بار ئىكەن. بۇ رايوندا بېقىلغان قوي ۋە كالىلارنىڭ گۆشى تۈركىيە بويىچە داڭلىق بولۇپ، بازىرى ئىتتىك ئىكەن. دوختۇرخانا دېھقان، چارۋىچىلارنى ھەقسىز داۋالايدىكەن. بۇ رايوندا ياغاچتىن راۋاق شەكلىدە ياسالغان ئۈچ قەۋەتلىك بىر ئارامگاھ بولۇپ، ئۇنىڭ 2 ـ قەۋىتى چايخانا، قەھۋەخانا ۋە ئادەتتىكى يېمەكخانا ئىكەن. 3 ـ قەۋىتى ئالدى ئوچۇق لەمپە شەكىللىك ساراي بولۇپ، سۇپا ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىدە يېكەنداز ۋە يۆلەنچۈك ياستۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردە كىشىلەر ئىختىيارى پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن. بەزىلىرى قەرت ئوينىسا، بەزىلىرى دامكا، شاھمات ياكى بىليارد ئوينىشىدىكەن. بەزىلىرى سازغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى تۈركچە «قاراش كۆز» ⑤ ئويۇنى ئوينايدىكەن. بۇ ئارامگاھ تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقاچقا، 3 ـ قەۋىتىنىڭ لەمپىسىدىن قارىسىڭىز يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن بۇ رايون سىزنى ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىدىكەن. مەن ھاياجانلىق ئىچىدە بوستانلىقنىڭ غەربىي چېتىدىكى قورۇق تاغقا كۆز تىكتىم. گىياھ ئۆسمىگەن بۇ تاغنىڭ باغرىدا يەنە بىر مەھەللە ـ يۇرت كۆزۈمگە چېلىقتى. يېنىمدا تۇرغان ھەسەن ئەردىن سورىدىم:

— ئاۋۇ يىراقتىكى مەھەللە ـ يۇرتمۇ «ئۇيغۇر بەلېدىيە»سىگە تەۋەمۇ؟

— ياق، ئۇ «تاتار كۆيى» دەپ ئاتىلىدىغان ئايرىم يۇرت، ئۇلار ئاقتاغنىڭ قارشى تەرىپىدە چارۋا باقىدۇ، — دېدى.

«بۇمۇ بىر خىل پىسخىك تاللاش!» دېدىم، ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلاپ، دەرۋەقە ئۇيغۇر قەيەرگە ماكانلاشسا، شۇ يەردە باغ بىنا قىلىدىغان ئۇدۇمنى بۇ يەرگىمۇ ئېلىپ كەپتۇ. ئوخشاش جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىچىدىكى بۇ ئىككى يۇرتنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئۇنىڭ جانلىق مىسالى. بىز «ئارامگاھ»تىن ئايرىلىپ ئەتراپتىكى بىر قانچە ئۆيىنى زىيارەت قىلدۇق. ئىككى، ئۈچ قەۋەت قۇرۇلمىلىق بۇ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 2 ـ قەۋىتى مېھمانخانا بولۇپ، ئۆي ئىچى يورۇق ۋە ئازادە، ئۆينىڭ جاھازىلىرى ۋە بېزەكلىرى بىزدەك زىيالىيلارنىڭ ئۆيلىرىدىن پەرق قىلمايدۇ. ئەگەر پەرق بار دېيىلسە، ئۇلارنىڭ دېرىزىلىرىدىن ئەگىپ تۇرغان ئالما، ئانار، گىلاس شاخلىرى بىزنىڭ بىنالىق ئۆيلىرىمىز ئەتراپىدا يوق. بۇنداق گۈزەل مۇھىت ئاشۇ دېھقان باغۋەنلەرگىلا نېسىپ بولغان. ئۇلارنىڭ ئاشخانىسى

مېهمانخانا ئۆيىدىنمۇ كەڭ ۋە ئازادە ئىكەن. ھەممە ئائىلە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلىتىدىغان ئوچاقتا تاماق ئېتىدىكەن. تۇرۇبا سۇيىنىڭ جۈمكى ئوچاقنىڭ يېنىغىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بولكا پىشۇرىدىغان توك دوخۇپكىسى، توڭلاتقۇ، قاچا ـ قومۇچ تىزىدىغان ئىشكاپلار رەتلىك قويۇلغان. ئۇلار بىزگە ئوخشاش مېهماندوستلۇق ئادىتىنى يوقاتماپتۇ. بىر ئائىلىگە تۇيۇقسىز كىرگەن ئىدۇق، بۇ ئائىلىدىكىلەر بىزنى غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ھەش ـ پەش دېگىچە شىرە ئۈستىگە ئۆزلىرى تەييارلىغان ھەر خىل مېۋە شەربەتلىرى، بىر قانچە خىل تۈرك قورۇمىلىرى ۋە شورپىلىرى تىزىلدى. بېشىغا ياغلىق ئورىغان، ئۇزۇن بوغما ئىشتان كىيگەن ۋە كۆڭلەك ئۈستىگە تۈركچە جىلىتكە كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق خانىم ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ھەممىمىزنى چايغا تەكلىپ قىلدى. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىپ بۇ ئۆيدىن قوزغالماقچى بولدۇق. ئۆي ئىگىلىرى، ھەتتا بۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بالىلىرى بىزنى يول بويىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى، رەڭگى ـ رۇخسارى پۈتۈنلەي تۈركلىشىپ كەتكەن. ئۇلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەلىۋىيە ⑥ مەزھىپىگە تەۋە ئىكەن. شۇڭا بۇ يۇرتتىكىلەر نامازنى جامە ئىچىدە ئوقۇمايدىكەن (چۈنكى ھەزرىتى ئەلى جامەدە قەتل قىلىنغان). مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۈركىيە كوردلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 15% ئەتراپىدىكى (تەخمىنەن ئوننەچچە مىليون) تۈركىيە ئاھالىسى ئەلىۋىيە (شىئە) مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئاناتولىيىدە ماكانلىشىپ قالغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلىۋىيە مەزھىپىدە بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى مېنىڭچە چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئوغۇزلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان سالجۇق خانلىقىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا خوراساندا خېلى ئۇزاق تۇرغان. شۇ دەۋرلەردە ئالدى بىلەن پارس يۇرتلىرىدا ئومۇملاشقان ئەلىۋىيە مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتىكى تارىخىي كەچۈرمىشلەرنى ماقالىمىزنىڭ كېيىنكى سەھىپىسىدە بايان قىلىمىز.

ستالىننىڭ «مىللەت نەزەرىيىسى»دە، تىل ئومۇمىيلىقى مىللىي پەرقنى شەكىللەندۈرىدىغان تۆت خۇسۇسىيەتنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن ۋە بۇ قاراش ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. لېكىن دۇنيانىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىدا تىل ئومۇمىيلىقىنى مىللىي تەركىبلەرنى ئايرىشنىڭ بىردىنبىر شەرتى قىلىۋېلىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئىسپاتلانماقتا. ئالايلۇق، ھازىر دۇنيادا 3000 دىن ئارتۇق مىللەت بار، ئەمما ئۇنىڭغا مۇناسىپ 3000 خىلدىن ئارتۇق تىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۈركىيىدىمۇ 38 مىللەت بارلىقى مەلۇم، ئەمما بىر تىل، يەنى ئوسمانلى تۈرك تىلى تۈركىيىنىڭ ئورتاق تىلى ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن، مەن زىيارەت قىلغان بۇ رايوندىكى خەلق گېنالوگىيە جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ «ئۇيغۇر» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن تىلى پۈتۈنلەي تۈركلىشىپ كەتكەن. ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئاتالغۇلىرى ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدىكى شۇ خىل ئاتالغۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: بۇ رايوندىكى خەلق «ئالما» (تۈركلەردە «ئەلما»)، «ئانار» (تۈركلەردە «ئەنار»)، «گۆش» (تۈركلەردە «ئەت»)، «نان» (تۈركلەردە «ئەكمەك»)، «مەن» (تۈركلەردە «بەن»)، «بار» (تۈركلەردە «ۋار»)، «بالا» (تۈركلەردە «چۈجوك»)، «مەكتەپ» (تۈركلەردە «ئوقۇل»)... دېگەنگە ئوخشاش پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىشىدۇ. مەن تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىستېمال تىلىدا پارسچە ئاتالغۇلارنىڭ ھازىرقى زامان تۈرك تىلىغا قارىغاندا كۆپرەك ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

«ئۇيغۇر بەلىدىيە»سىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا مېنىڭ ھەممىدىن بەكرەك قىزىققىنىم ئۇلارنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى قېزىپ بېقىش ئىدى. ۋەھالەنكى، پېقىر تارىخچى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ھەقتە كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. ماڭا ھەمراھ بولغان مۇشۇ يۇرتنىڭ ئوغلانى ھۈسەيىن ئەپەندى ئالىي مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقا، ئۇ مەن قىزىققان بۇ تېما ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاناتولىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەكتىگە ئائىت خېلى كۆپ تارىخىي ھۆججەتلەرنى توپلاپتۇ. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، سالجۇقلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى باشقۇرۇشىدىكى ئىلخانىلار ھاكىمىيىتى دەۋرلىرىدە بىر مەزگىل ئۇيغۇر بەگلىرى ئاناتولىيىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇ دەۋرلەردە ئاناتولىيە تۇپرىقىنىڭ مەركىزىدىكى قەيسەرى شەھىرىمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىقى مەلۇم. ھازىرمۇ قەيسەرى شەھىرىدە ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇزاق زامانلار

مابەينىدە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى جەھەتتە بىر مەنبەلىك بولغان تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا ئاسانلا سىڭىشىپ كەتكەن.

* * *

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئوغۇز قەبىلىلىرى قاتارىدا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاسىيا، يەنى ئاناتولىيىگە دەسلەپ كىرىشى بۈيۈك سالجۇقلار خانلىقى دەۋرىدىن باشلانغانلىقى مەلۇم.

مەلۇمكى، سالجۇقلار خاندانلىقى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ «ئوغۇزلار» دەپ ئاتالغان بىر تارمىقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان، «ئوغۇزلار» ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخنامىلىرىدىن «سۇينامە»دە تىلغا ئېلىنغان « 乌护 » (ۋۇخۇ) ياكى « 乌鹘 » (ۋۇگۇ)، « 古思 » (غۇر) دەپ ئاتالغان خەلقلەردۇر. بۇ ناملار ئەرەب مەنبەلىرىدە بىردەك «ئوغۇز» ( 乌古思 ) دېيىلگەن، ئوغۇزلار مىلادىيە VI ئەسىردىن بۇرۇن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردا ياشىغان. «سۇينامە ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلىنىشىچە، ئوغۇزلار ئېۋىرغۇلنىڭ غەربى، قاراشەھەرنىڭ شىمالى ۋە ئاقتاغنىڭ ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. كېيىنچە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. X ئەسىرلەردە ئۇلار زورىيىپ كاسپى دېڭىزىدىن تارتىپ سىر دەريا ساھىلىدىكى ئىسپىجاپ ئۆلكىلىرىگىچە، غەربتە گاسارلار ۋە بۇلغارلار زېمىنىغىچە، شەرقتە قارلۇقلار زېمىنىغىچە، شىمالدا موڭغۇل دالىلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى كونترول قىلغان. ئۇلار مۇشۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زور سىياسىي ئىجتىمائىي گەۋدىگە ئايلىنىپ، تارىختا مەشھۇر ئوغۇز سالجۇقلار خانلىقى (1157 ـ 1031)نى قۇرغان. سالجۇقلار بىر مەزگىل سامانىيلار بىلەن بىرلىشىپ خوراساندىكى كۈچلۈك غەزنىۋىلەر خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، ئاندىن سالجۇقلارنىڭ سەردارى توغرول خاراساننىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان، ئۇلار 1042 ـ يىلى خارەزىم ئۆلكىسىنى غەزنىۋىلەردىن تارتىپ ئالغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتكۈل پارس زېمىنىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، 1055 ـ يىلى توغرول باشچىلىقىدىكى سالجۇق قوشۇنلىرى باغدادقا بېسىپ كىرگەن، توغرول ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىغان. ئارقىدىن بالقان يېرىم ئارىلىغا يۈرۈش قىلىپ ئەزەربەيجاننى بېسىۋالغان ھەمدە ئەينى دەۋردە رىم ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولغۇنىكى تۈركىيىنىڭ ئاناتولىيە رايونىغا كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلانغان. مىلادىيە 1063 ـ يىلى سۇلتان توغرول ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا جىيەن ئوغلى ئارسلان 1063 ـ يىلىدىن 1072 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ قاراخانىلار بىلەن يېقىن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئالىپ ئارسلان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سالجۇقلارغا مالىك شاھ (1073 ـ 1093) سۇلتان بولغان. ئاشۇ مەزگىللەردە قاراخانىلار خاندانلىقى بىر مەزگىل سالجۇقلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان. سالجۇقلارغا ئائىت تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، سالجۇقلار خانلىقى XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئاجىزلىشىشقا ۋە بۆلۈنۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئاساسىي ھاكىمىيەت كۈچى كىچىك ئاسىيا دائىرىسى بىلەن چەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز سۇرگەن ئاناتولىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقى مىلادىيە 1308 ـ يىلى ياكى بەزى مەنبەلەردە 1318 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرلاشقان. ئۇلار ئاناتولىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە دەسلەپ كونيا شەھرىنى، كېيىنچە قەيسەرى شەھرىنى مەركەز قىلغان. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، دەسلەپكى ئوغۇز سالجۇقلىرى تەركىبىدە تەڭرىتاغ



«ئۇيغۇر بەلدىيە»سىنىڭ مۇدىرى ھەسەن ئەرنىڭ ئىشخانىسىدا

بويلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر قوۋملىرى بەلگىلىك سانىنى تەشكىل قىلغان. شۇڭا سالجۇقلار ئەڭ ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن ئاناتولىيە رايونىغا سالجۇق قوشۇنلىرى تەركىبىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىكلىشىپ قالغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما سالجۇقلار دەۋرىدە ئاناتولىيىگە كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، چۈنكى سالجۇقلار ئۆزلىرىنى «ئوغۇز تۈركلىرى» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتىغان. بىزنىڭ پىكىر مەركىزىمىزدىكى «ئۇيغۇر بەلبېدىيىسى» نامى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ھاكىمىيەت تەشكىلى بولغان ئىلخانىلارنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ئاناتولىيىدە قۇرۇلغان «ئەراتنا ئۇيغۇر بەگلىكى» بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدۇ.


ئۇنداقتا «ئەراتنا» زادى كىم؟ بۇ قىزىقارلىق، ئەمما مۇرەككەپ بىر تېما بولۇپ، بىز ئاماسيا ۋىلايىتىدىكى «ئۇيغۇر بەلبېدىيىسى»نى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئېرىشكەن بۇ ھەقتىكى ئاغزاكى تارىخىي ئۇچۇرلارنى تۈركىيە «تارىخچىسى كامال گودە (KEMAL GODE)نىڭ «ERATNALILAR» (ئەراتنالىلار) ⑧ ناملىق نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسىرىدىكى ئەتراپلىق مۇلاھىزىلەرگە ھەمدە تارىخچى ۋاڭ جىلەي ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان ئىككى توملۇق «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يىغىنچە بايقاشلارغا ئېرىشتۇق. ئەراتنانىڭ كىملىكى ۋە ئۇنىڭ ئاناتولىيىگە ماكانلىشىش تارىخىنى بىلىشتە گەپنى چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش تارىخىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالىي قۇملۇقتا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن تېمۇچىن مىلادىيە 1206 ـ يىلى ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى يىغىپ ئونان دەرياسى بويىدا چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپ، چىڭگىزخان دېگەن بۈيۈك نامنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن موڭغۇل قەبىلىلىرى چىڭگىزخان بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كېلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە پۈتۈن غەربىي رايوننى بويسۇندۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسى (قىتان خانلىقى) ⑨ سىياسىي جەھەتتە كۇنسايىن چىرىكلىشىشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە، غەربىي لياۋ سۇلالىسى گۇمران بولۇپ، بىر مەھەل خارەزىمشاھ دۆلىتى قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى كۈچلۈك خاننىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى قايتا تىرىلدۈرۈش نىيىتىدىن تولىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلغاچقا، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخاننىڭ غەربنى ئىستېلا قىلىش پىلانىنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلىدۇ. 1209 ـ يىلى قوچۇدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارتتېكىن چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇللارغا ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئۆتكۈشلۈق ئىگىلەيدۇ. ئارقىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قارلۇقلارمۇ چىڭگىزخانغا باش ئېگىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخانغا قارشىلىق قىلىۋاتقان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى كۈچلۈك قەشقەر ئارقىلىق بەدەخشانغا قېچىپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا چىڭگىزخان تەرىپىدىن قويۇلغان قەشقەرنىڭ بېگى ئىسمائىلخان قوشۇنلىرى كۈچلۈكخانىنى بەدەخشاندا تۇتۇپ، موڭغۇللارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىزمىتى ئۈچۈن چىڭگىزخان ئىسمائىلخانغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىدۇ. «چىڭگىزخان گەرچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ شۈبھىسىزكى، بىر قۇدرەتلىك، ئاقىلانە ھەمدە تۇرلۇك دىنىي ئېتىقادلارغا يول قويىدىغان ھۆكۈمران ئىدى» ⑩ . دەرۋەقە، چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاچىلىق سىياسىتى ئومۇمەن ئۆزلۈكىدىن ئەل بولغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنلىرى تەركىبىدە ئىشلىتىش، قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق باستۇرۇش تەدبىرىنى ئاساس قىلغاچقا، دەسلەپ بەيئەت قىلغان ئۇيغۇر رايونلىرىدىن ئۆزىگە كۆپلەپ ئەسكەر قوبۇل قىلغان. ھەتتا ئەينى دەۋردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېخى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشاۋاتقان موڭغۇللاردىن مەدەنىيەت جەھەتتە كۆپ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چىڭگىزخان ئوردا ئەقىلدارلىرىنى ۋە بىر قىسىم ھەربىي قوماندان، قوشۇن سەركەردىلىرىنى ئۇيغۇرلاردىن تەيىنلىگەن. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا مۇسۇلمان ئەللىرىنى ئىستېلا قىلىشتا ئۇيغۇرلاردىن كۆپ پايدىلانغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خارەزىم، خوراسان ھەتتا كىچىك ئاسىيا رايونلىرىغا كۆپلىگەن ئۇيغۇر قوۋملىرى كۆچۈرۈلگەن. چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى

بىپايان زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەر-گەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چىڭگىزخاننىڭ كې-ڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن: چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خاند-لىقىنىڭ بارلىق مەمۇرىي ئىشلىرىنى خوجا باھاۋىدىن ئە-سىملىك ئۇيغۇرغا تاپشۇرغان، ئۇنىڭ ئانىسى قاراخانلار-نىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ئىكەن. چاغاتاي خان يەنە خوراساننىڭ ھاكىم بەگلىكىگە ئۇيغۇرنى بەلگىلە-گەن⑪ . چىڭگىزخاننىڭ 3 ـ ئوغلى ئوگدەيخاننىڭ 6 ـ خانىشى ئۇيغۇر نەسلىدىن بولۇپ، ئوگدەيخان 1241 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان كۆ-يۈكخان ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇيغۇر ئايالىدىن بولغان تۇنجى با-لىسى ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ 4 ـ ئوغلى تولۇيخاننىڭ ئون ئوغلى بولۇپ، 3 ـ ئوغلى ھالاكۇغا غەربىي ئاسىيانى بوي-سۇندۇرۇش ۋەزىپىسى بېرىلگەن. ھالاكۇنىڭ چوڭ قو-شۇنى 1253 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئوردو كەنتىدىن يولغا چە-قىپ پېرسىيىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەرنى بوي-سۇندۇرۇپ، غەربىي ئاسىياغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ يۈرۈش قىلىدۇ. ھالاكۇنىڭ بۇ چوڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى چىڭ-گىزخاننىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بولغان ئەخمەت بارچۇق ئىسىملىك ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى ئەمىر راتنا ئىدى. 1258 ـ يىلى ھالاكۇنىڭ بۇ قوشۇنى باغداتنى بېسىۋالغاندىن كې-يىن، غەربىي ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيانىڭ بىپايان زېمىندا مەشھۇر ئىلخانىلار ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. بۇ ھاكىمىيەت 1285 ـ يىلدىن 1388 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈردى. ئىلخا-نىلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ رولى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. موڭغۇل خانلىرىدىن غازانخان (1294 ـ 1304) ۋە ئوجايتۇ (1304 ـ 1316) دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن ئەمىرسە-ۋىنچ ئاكا خاننىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئەمىرلىرىدىن بىرى بو-لۇپ، ئۇ ئولجايتۇ تەرىپىدىن خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تە-يىنلەنگەن، يەنە بىر ئۇيغۇر بېگى ھەسەن قۇتلۇقمۇ ئول-جايتۇنىڭ ئەڭ يېقىن بەگلىرىدىن ئىدى. ئىلخانىلار ھاكى-مىيتى دەۋرىدە ھالاكوخان ئوردىسىدا ئۇنۇملۇك خىز-مەتلەرنى قىلغان ئۇيغۇر ئەمىرلىرى ئىچىدە، ھەممىدىن ئىشەنچلىك ۋە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئەمىر-لەردىن ماقالىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان ئەراتنا فامىلىلىك ئۇيغۇر بېگى ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرى تارىم تاج (؟) ۋە سۆ-

نۇك تاج (؟) لار ئىدى. ئەراتنا باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئىلخانىلارنىڭ خانلىق ئوردىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئۇ ناھايىتى ئەقىل ـ پاراسەتلىك، قەددى ـ قا-مەتلىك، جەسۇر ۋە قۇدرەتلىك بولغاچقا ياشلىق دەۋرى-دىلا «نويان» ⑫ شەرىپىگە ئېرىشىپ، ئىلخانىلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمىرى بولغان. ئىلخانىلار ئاناتول-يىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئەراتنانىڭ دادىسى (ئەخ-مەت بارچۇقنىڭ ئوغلى) جاپپار بەگ ⑬ قەيسەرىنىڭ ھا-كىم بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن، ئەراتنا ئاشۇ مەزگىلدە قەي-سەرى شەھىرىدە تۇغۇلغان.

سالجۇقلارنىڭ ئاناتولىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئومۇ-يۈزلۈك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىلخانىلاردىن ئەمىر چو-بان ئوغلى ئەمىر تۆمۈرتاش ئاناتولىيە رايونىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئىلخانىلارنىڭ يەرلىك بەگلىرى قارشىلىق قىلىپ



ئاماسىيا ۋىلايىتىنىڭ «ئۇيغۇر بەلدىيە» رايونىدىكى ئۇي-غۇرلار ساقلاپ كېلىۋاتقان 800 يىللىق شەجەرىنىڭ فوتو چەكمىسى

ئاناتولىيىدە بىر مەيدان ئىچكى جەڭ باشلانغان. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇيغۇر بىگى ھەسەن قۇتلۇقنىڭ قىرىندىشى كوربوغا، دىيار بەكرى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى سۇتاي نويانىنىڭ ئوغلى بورانباي قاتارلىقلار بىرلىشىپ تۆمۈرتاشقا قارشى ئاتلانغان ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر چوبانىنى ئۆلتۈرگەن. دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان تۆمۈرتاش 1327 ـ يىلى ئاناتولىيىدىكى ھاكىمىيەت ئورنىنى ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادىرى ۋە قېيىنىنىسى ئەمىر ئەراتناغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى مىسىر مەملۇك خانى مەلىك ناسىرنىڭ يېنىغا كەتكەن. مەلىك ناسىر تۆمۈرتاشتىن گۇمانلىنىپ، ئالدىغا كەلگەن بۇ ئاناتولى پادىشاھىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، 1328 ـ يىلى ئۇنى ئىلخانىلارنىڭ شاھەنشاھى ئەبۇسەئىدكە ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرتاشنىڭ ئاناتولىيىدىكى ئون يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر ئەراتنانىڭ يېڭى ھاكىمىيەت دەۋرى باشلانغان.

ئاناتولى سالجۇقلىرى زېمىنىدا ئىلخانىلارنىڭ سىياسىي ۋارىسى سۈپىتىدە ئەمىر ئەراتنا تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ بەگلىك ئۆزىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن تارىختا «ئەراتنا بەگلىكى» دەپ ئاتالغان. بۇ بەگلىك يۇقىرى ئاناتولىيىدە 1327 ـ يىلدىن 1381 ـ يىلغىچە 54 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇيغۇر بىگى ئەراتنا دەۋرىدە ئاناتولىيىدىكى ئىچكى نىزالارغا خاتىمە بېرىلىپ، بىر مەھەل تىنچ ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ئەمىر ئەراتنا مىسىردا قۇرۇلغان مەملۇك تۈرك سۇلتانلىقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. يەنە بىر تەرەپتىن ئاناتولىيىدىكى ئوغۇز سالجۇقلىرى بىلەن ئەراتنا ئۇيغۇرلىرى (ئىلخانىلار دەۋرىدە ئاناتولىيىنىڭ توكات، ئاماسيا، چورۇم، سىۋاس، كىرشەھىر، قەيسەرى قاتارلىق شەھەر ـ رايونلارغا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان بولۇپ، ئوغۇز سالجۇق تۈركلىرى ئۇلارنى «ئەراتنا ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىغان ـ ئاپتوردىن) ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى بىر ئەجدادلىق يېڭى مىللىي بىرلىك ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئۇيغۇر بىگى ئەراتنا ئىلخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ماس قەدەمدە ئىسلاھ قىلىپ، ئۆزىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاناتولىيىنى موڭغۇللارنىڭ ۋەيران قىلىشىدىن ساقلاپ قالغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئىلخانىلار ھاكىمىيىتىدىن چىقىرا ئايرىپ، مۇستەقىل ھالدا ئاناتولىيىدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. ئەراتنانىڭ بۇ ئىجابىي خىزمەتلىرى ئوسمانىلارنىڭ پۈتۈن كىچىك ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە پايدىلىق بولغان. ئەراتنا ۋاپاتىدىن كېيىن سېيت بورھانىدىن ئەخمەت ئەراتنا بەگلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېگى بولغان. ئاماسيا ۋىلايىتىنىڭ «ئۇيغۇر بەلدىيىسى»دە ياشاۋاتقان بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ سېيىت ئەخمەتنىڭ (14) ئەۋلادلىرى بولسا كېرەك («ئۇيغۇر بەلدىيىسى»دىكىلەر ساقلاپ كېلىۋاتقان شەجەرىدە شۇنداق يېزىلغانلىقى مەلۇم).

دېمەك، بۇ رېئال تارىخىي قىسسە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان چىڭگىزخان قوشۇنلىرى تەركىبىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى، بولۇپمۇ ھالاكو قۇرغان ئىلخانىلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە «ئەراتنا» فامىلىلىك ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىپ ئاناتولىيىدە بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. شۇڭلاشقا كۆپلىگەن تارىخچىلار بۇ ھەقتە، بولۇپمۇ مىلادىيە 1327 ـ يىلدىن، مىلادىيە 1381 ـ يىلغىچە ئاناتولىيىنىڭ باش ۋالىيسى سۈپىتىدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاكىمىيەت سۈرگەن ئەراتنا ۋە «ئەراتنا ئۇيغۇر بەگلىكى» ھەققىدە تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. مەسىلەن: ئاناتولى سالجۇق دۆلىتى دەۋرىگە تەئەللۇق تارىخىي ئەسەرلەردىن ئەفلاكى(Eflaki)نىڭ «مەناكىبول ئارىفىم» (Menakibul- arifim)، ئەستە رەبادىنىڭ «بەزىم ۋە رەزىم» (Bezim VeRezim)، شىكارىنىڭ «كارامان ئوغۇللىرى» (karimanooullri) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، ئەرانلىق مۇئەللىپ شەبان قارىنىڭ «مەجمۇئول ئىنساب» (Mecmaul- ensab) ناملىق ئەسىرىنى، ئەرەب مەنبەلىرىدىن ئىبىن خالدۇننىڭ «كىتابۇل ئىبەرى» (Kitabul- Iberi) ۋە قالقاشاندىنىڭ «سۇبھۇل ئاشا» (Subbul- Aş a)، (ماكرىنىڭ «كىتابۇل سۇلۇك» (Ktabul- suluK)، ئەينىنىڭ «ئىكولۇل جۇمانى») (Ikolul- cumani)، ئۆمەرىنىڭ «مەسالىقۇل ئېبسارى» (mesalikul. Ebasari)، ئىبىن خەجەرىنىڭ «ئەد دۇرەرۇل قامىنە» (ed- durerul- kamine) قاتارلىقلارنى ھەممىدە ئوسمانىلار دەۋرىگە تەئەللۇق مەنبەلەردىن

«تارىخىي تەقۋىملەر»، زادە ئەلىنىڭ «سالجۇقنامە»»، ئىنايىتوللا ئەپەندىنىڭ «ئەراتنا تارىخى»، زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئەرتەنە ئوغۇللىرى» قىسمى قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بولۇپمۇ 1994 ـ يىلى تۈنجى نەشر قىلىنغان كامال گوـ دەنىڭ «ئەراتنالىلار» ناملىق يىرىك مونوگرافىيىسىدە «ئەراتنا بەگلىكى» ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلـ گەن (بۇ يىرىك ئەسەر مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ). يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان پارسچە، ئەرەبچە ۋە تۈركچە يېزىلغان بىر قىسىم ۋەـ كىللىك خاراكتېرگە ئىگە تارىخىي ئەسەرلەردە ئىلخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار فامىلە سۈپىتىدە قوللانغان «ئەراتـ نا» دېگەن ئۇ ئىسىم «ئەرتىنىي»، «ئەرتەنى»، «ئەردىنى»، «ئەردەنى»، «ئەرەتنا»، «ئەردانە»، «ئەرتانە»، «ئەرتەنە»، «ئەرەتنە»، «ئەرتانا»، «ئاردانا»، «ئارەتنە» قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردە پۈتۈلگەن بولۇپ، تۈركلەر ئومۇملاشتۇرۇپ «ئەراتنا» دەپ قوبۇل قىلغان. بۇ ئىسىمنىڭ يىلتىزى ئەسلىدە سانسكرىت تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن «راتنا» بولۇپ، مەنىسى «ئۈنچە ـ مەرۋايىت»، «جاۋاـ ھىرات»، «دۇررى مارجان» دېمەكتۇر. بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئىسىمنى «ارتنى» (Ertini) ئىملاسى بىلەن يازغان بولۇپ، «قىممەتلىك ئۈنچە كەبى بەدەن ساھىبى» مەنىسىنى بېرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ⑯ . بۇ ئىسىم ھەر خىل تىللاردا قانداق تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تەكتى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىسىم ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كونا ئۇيغۇرچىدا، جۈمـ لىدىن موڭغۇلچىدا «ساپ ئۈنچە مەرۋايىت» دېمەكتۇر. «ئۈنچە ـ مەرۋايىت» مەنىسىدىكى «راتنا»نىڭ ئۆزلۈك شەكلى «ئەراتنا» دەپ ئات قويۇش قەدىمكى ئۇيغۇرـ لاردا دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر قائىدە ئىـ دى. «ئۈنچە ـ مەرۋايىت» سۆزى خاس ئىسىم سۈپىتـ دە زامانىمىزدىمۇ قوللىنىلماقتا ⑰ .

بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، بۇ خاس ئىسىم سانسكرىتچە مەنبەلەردە «راتنا»، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە موڭغۇلچە مەنبەلەردە «ئاراتنا» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئىلخانىلار دەۋرىدە ئاناتولىيىدە ھۆـ كۈم سۈرگەن ئۇيغۇر نەسەبلىك بەگلەر ئۇ ئىسىمنى سىلىقلاشتۇرۇپ «ئەراتنا» شەكلىدە فامىلە قىلىپ قولـ لانغان. بىز زىيارەت قىلغان «ئۇيغۇر بەلپىدىيىسى»دىكى ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ كېلىۋاتقانلار ئەنە شۇ «ئەـ راتنا بەگلىكى» دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، باشقا شەھەر، رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئاناتولى تۈركلىرى ئارىسىغا سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇلار ئەسلىدىكى ئانا تۇپرىقى تەڭرىتاغ ۋادىلىرىدىن ھالقىپ ئاناتولىيە رايونىغا بېرىپ ماكانلاشقىنىغا 800 يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا ئۇلار نۇرغۇن تارىخىي قىسمەتلەرنى ئۆز بېـ شىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيە جۇمھۇرىيىـ تىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق پۇقراسى سۈپىتىدە تۈركىيىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشماقتا.

**خاتىمە**

چىڭگىز ئىستېلاسى دەۋرىدە، موڭغۇل قوشۇنلىرى تەركىبىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇنۇملۇك پائاـ لىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ شۇ جايلاردا يەرلىكلىشىپ قالـ غان ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىزدە تېخى ئەتراپلىق ۋە يېـ تەرلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق تارىخىدا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەھمىيەتلىك بىر تېما ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ تېمىغا قىزىققانلىقىم ئۈچۈن، دەسلەپكى قەدەمدە قوبـ لايخانغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي جۇڭگونى بىرـ لىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشلىرىدا ئاجايىپ جەڭگىۋارلىق كۆرسەتكەن «جېبەن» فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىـ تېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېـ لان قىلغانىدىم. ئۆتكەن يىلى تۈركىيىدە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنغا قاتنىشىش جەريانىدا ئېرىشـ كەن ئۇچۇرغا ئاساسەن، تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن زاماندىش بولغان ئاناتولىيىدىكى يەنە بىر ئۇيغۇر رايوـ نىنى تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۆگىنىش نەتىـ جىسى سۈپىتىدە مەزكۇر ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. بەزى تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، XIII ئەسىردىكى موڭـ غۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي ـ جەنۇـ بىي دېڭىز بويى رايونلىرىدا، جۈملىدىن كورىيە، ھىرات، كەشمىر... قاتارلىق چەت ئەل رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ

قالغان ئۇيغۇرلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى مەلۇم. شارائىت يار بەرسە، ئۇلار ئۇستىدە بىۋاستە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ قېرىنداشلارنىڭ تەكتى ۋە تارىخي سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئېنىقلاشنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئىزاھاتلار:

① ئاناتولىيە ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاسىيا قىسمىنىڭ نامى. ئۇ پۈتۈن تۈركىيە يەر مەيدانىنىڭ 96.9% ىنى تەشكىل قىلىدۇ، تۈركىيىنىڭ ياۋروپا قىسمى «فراكيە» دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا ھازىرقى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى «ئاناتولىيە» دەپ ئاتالغان.

② تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆيۈشتۈرۈلىدىغان ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق ئىلمىي پائالىيەت.

③ تىرناق ئىچىدىكى يىلنامىلار ئاشۇ ناملىق كىشىلەرنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە تەختكە چىققان يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

④ تۈركىيىلىك ئوسمان بېگ كىچىك ئاسىيا (ئاناتولىيە)نى يادرو قىلغان ھالدا ئاسىيادىن ھالقىپ ئافرىقا، ياۋروپا رايونلىرىدا قۇرغان دۇنياۋى ئىمپېرىيىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ «تۈرك سۇلتانلىقى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ سۇلتانلىق 623 (1299 ـ 1922) يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

⑤«قارا كۆز» ئويۇنى ـ تۈركلەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى بېيىت ئېيتىشىش شەكلىدىكى فولكلورلۇق سەنئەت.

⑥ «ئەلىۋىيە مەزھىپى» ـ ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلىۋىچىلار ھەزرىتى ئەلىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى پەيغەمبەر دەپ ھېسابلايدۇ. ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىدا مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ناھايىتى قويۇق.

⑦ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، II توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 1999 ـ يىل.

⑧ بۇ ئەسەر «ئاتا تۈرك مەدەنىيەت تىل ۋە تارىخ يۇكسەك قورۇمى» تەرىپىدىن 1994 ـ يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان.

⑨ مىلادىيە 1128 ـ ، 1129 ـ يىللىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى يوللۇغ تاشىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ ناھايىتى تېزلىكتە شىنجاڭ ۋە پۈتۈن ماۋارە ئۇننەھىر رايونىنى بويسۇندۇرغان. 1141 ـ يىلى ئۆزىنى گورخان دەپ ئاتىغان يوللۇغ تاشىن سالجۇقلارنىڭ سۇلتانى سانجارنى مەغلۇپ قىلىپ، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بۇ رايونلاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى «ئۇيغۇر ئېلى» دېيىلەتتى («ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، II توم، 163 ـ بەت).

⑩ «چىڭگىزخانىنىڭ تەرجىمىھالى»، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 115 ـ ، 116 ـ بەتلەر. ۋاڭ جىلەينىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، II توم، 193 ـ بەتتىكى نەقىلدىن.

⑪ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، II توم، 248 ـ بەت.

⑫ «نويان» ياكى «نويىن» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، شاھزادە ياكى سۇلتانلارنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرىغا ۋە بۈيۈكلىرىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋاندۇر.

⑬ كامال گودەنىڭ «ئەراتنالىلار» ناملىق كىتابىنىڭ 26 ـ بېتىدە «ئەراتنانىڭ دادىسى، قەيسەرىنىڭ ھاكىمبېگى جاپپار بەگ موغۇل بەگلىرىدىن ئىدى» دېگەن مەلۇمات بار. شۇنداقلا، زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئەراتنا ئوغۇللىرى» قىسمىدا «ئەراتنا ـ ئۇيغۇر بېگى جاپپارنىڭ ئوغلى» ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. يەنە بەزى تارىخىي مەنبەلەردە «ئەراتنانىڭ دادىسى ئىلخانىلار خانى ئاباكاخان (1265 ـ ، 1282) نىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر تەيجۇ (؟) باخشى نامىدىكى بىر ئەمىر ئىكەنلىكى مەلۇم» دېگەن ئۇچۇرلارمۇ بار.

⑭ ئەراتنا بەگلىكىنىڭ ئاخىرقى خانى سېيىت ئەخمەت جالايىر ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىسى ھىلاكوغا ئەگىشىپ غەربىي ئاسىيانى ئىگىلىگەن ئەخمەت بارچۇقنىڭ (لەقىبى ـ راتنا) ئەۋرىسى. ئۇ كېيىن موڭغۇل خانلىقى تەرىپىدىن باغدادنىڭ سۇلتانلىقىغا تەيىنلەنگەن. تېمورىيلەر ئىمپېرىيىسى بۇ رايونلارنى پەتھى قىلغان زامانلاردا، ئۇ تېمورىيلەرنى ھىمايە قىلغۇچىلارنى كۆپلەپ بېسىقتۇرغاچقا، تېمورىيلەر ئۇنى بۇ رايوندىن قوغلاپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى بايازىد I نىڭ ھۇزۇرىغا قېچىپ بارغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تېمورىيلەر ئۇنى قوغلاپ ئاناتولىيىگە كىرىپ، 1402 ـ يىلى ئەنقەرەدە بايازىد I بىلەن قاتتىق ئۇرۇشقان. بىر كۈنلۈك قاتتىق جەڭدىن كېيىن بايازىد I چېكىنىش قارارىغا كەلگەن ۋە ئوغلى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشكەن. ئاقساق تېمور ئۇنىڭغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، بايازىد I نومۇس كۈچىدە پۈچىلىنىپ، 1403 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاقشېھىردە ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بىر مەھەل تېمور ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

⑮ كامال گودە: «ئەراتنالىلار»، 1994 ـ يىل، ئەنقەرە، تۈرك تارىخ قورۇمى نەشرى، 18 ـ بەتكە قاراڭ.

⑯ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل، 1 ـ توم، 96 ـ ۋە 126 ـ بەتلەر.

⑰ H. نامىق ئورقۇن (تۈركىيە): «تۈرك تارىخى»، ئەنقەرە، 1946 ـ يىل نەشرى، 4 ـ توم، 104 ـ بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)

# ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئەمىر گۆر ئوغلى»دىكى گۆر ئوغلى ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى

ئابلىمىت ياسىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە ئاغزاكى ئەسەرلەردىن مەخسۇس شىئە مەزھىپىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر يوق. لېكىن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن «ئەمىر گۆر ئوغلى» داستانىدا شىئەلەر ئېتىقادىدىكى مەركىزىي شەخسلەر — ھەزرىتى ئەلى ۋە 12 ئىمام توغرۇلۇق بىر قىسىم خەلق ئېتىقاد ئادەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

گۆر ئوغلى داستانى پۈتۈنلەي نەزمىي ياكى نەزم ئارىلاش نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان داستان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەزەربەيجان، تۈركمەن، تۈرك، ئەرمەن، تاجىك، قازاق، ئۆزبېك، ئۇيغۇر، قارا قالپاق، تاتار قاتارلىق خەلقلەر ئارىسىدا كەڭرى تارقالغان.

داستاننىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تارقىلىشى ھەققىدە مۇنداق قاراشلار بار: «ئەرمەنىيە تارىخشۇناسى توبلىس. ئالاكىل (17 ـ ئەسىر): «تۈركىيە سۇلتانى ۋە پارس شاھلىرىغا قارشى 16 ـ ئەسىردە ئەزەربەيجاندا يۈز بەرگەن جالال قوزغىلىڭىغا قاتناشقان كىشىلەر ئارىسىدا بىر قوماندان بار بولۇپ، ئۇ يىر (ناخشا) ئېيتالايدىغان باتۇر يىگىت «گۆر ئوغلى» ئىدى. «گۆر ئوغلى» داستانى ئەنە شۇ تارىخىي قەھرىماننىڭ ئىش ئىزلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.»، كارل رېيشل: «بۇ داستان ئەڭ دەسلەپ 16 ـ ئەسىردە ئەزەربەيجاندا بارلىققا كېلىپ، ئاندىن شەرق، غەرب، شىمال ئۈچ يۆنىلىش بويىچە تارقالغان. شەرققە تارقىلىش جەريانىدا داستاننىڭ تۈركمەنچە شەكلى مۇھىم رول ئوينىغان. تۈركمەنىستاننىڭ ستالوپ رايونىدىكى (شىمالىي كاۋكاز) ۋارىيانتلىرى بىلەن قازاق ۋارىيانتلىرى ئارىسىدا زور ئوخشاشلىق بارلىقى ئىسپاتلانماقتا. چۈنكى، تۈركمەنلەرنىڭ بىر قىسمى 17 ـ ئەسىردە ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىغا كۆچۈپ بارغان. قازاق خەلق سەنئەتكارلىرى ئاشۇ تۈركمەنلەر ئارقىلىق بۇ داستاننى ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن. قارا قالپاق ۋە ئۆزبېكلەردىكى ۋارىيانتمۇ تۈركمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن بارلىققا كەلگەن. بۇ يۆنىلىش بويىچە ئۆزبېكلەر ئارقىلىق بۇخارادىكى ئەرەبلەر، تاجىكلار ۋە جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان» ①.

«چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ داستان مەزمۇنىغا ئاساسەن شەرق ۋە غەرب ئىككى ۋارىيانتقا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى ۋارىيانتنىڭ پەرقى ئالدى بىلەن داستان ئىسمىلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. تۈركمەن، ئۆزبېك، ئۇيغۇر، قازاق، قارا قالپاق خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالغان شەرق ۋارىيانتىدا داستاندىكى باش قەھرىمان گۆردە تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، داستان «گۆر ئوغلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەزەربەيجان، تۈرك ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان غەرب ۋارىيانتىدا داستاندىكى باش قەھرىمان خوجايىنى تەرىپىدىن قارىغۇ قىلىۋېتىلگەن بىر ئات باقارنىڭ ئوغلى، شۇڭا داستان «گۆر ئوغلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل نامدىكى پەرق داستان ۋەقەلىكلىرىنىڭ پەرقلىق راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن.» ②

«ئەمىر گۆر ئوغلى» داستانىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ «نەزەرى»، 12 ئىمام ۋە لەيلى قىز ناملىق ئات باش قەھرىمان — گۆر ئوغلىنىڭ تۇغۇلۇشى، چوڭ بولۇشى ۋە جەڭلەردە ئىزچىل غەلىبە قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. يۇقىرىقى موتىفلار ئىچىدە «ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەزەرىدىن گۆر ئوغلىنىڭ تۇغۇلۇشى» داستاننى يېشىشنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى پارس تىللىق ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇن ئەقىدىلىرى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بارا ـ بارا ئىسلاملاشتۇرۇلغان. شۇنىڭدەك، بۇ داستاننىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىكى گۆر ئوغلىنىڭ كەچمىشلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى داستانچىلىق ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ھەزرىتى ئەلى ۋە 12 ئىمام ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇلغان.

داستاندا گۆر ئوغلى ھەققىدە مۇنداق بايان بار:

چەمبىل شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەھمەدخاننىڭ زۇلپەر ئايىم دېگەن بىر سىڭلىسى باغقا چىقىپ چېچىنى تارايدۇ. شۇ چاغدا، باغنىڭ يېنىدىن ھەزرىتى ئەلى دۇلدۇلنى مىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ قىزغا كۆزى چۈشىدۇ، شۇ ئاي يۈزلۈك پەرى مەندىن بىر بالا تۇغقان بولسا، ئەجەب ياخشى بولاتتى! دەپ ئويلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قىز ھامىلدار بولىدۇ، كېيىن قىز نومۇستىن تىلەكى ئىجاۋەت

بولۇپ، بالىسى تۇغۇلماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىدۇ، بالا گۆردە تۇغۇلىدۇ. خۇدادىن ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ، سۇلتان ئەھمەدخان بۇ يىگىتكە «گۆر ئوغلى» دەپ ئات قويىدۇ.

گۆر ئوغلى چوڭ بولغاندىن كېيىن جەيھۇن شەھىرىنىڭ شاھى شاھتار شاھ، ئىسپاھاندىكى قىزىل باشلار، گۇرجىستاندىكى خۇنخار شاھ بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى يېڭىدۇ. گۆر ئوغلى ھەر قېتىم سىرتقا يۇرۇش قىلغاندا، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالا بايتىلىدىن تۇغۇلغان «لەيلى قىر» ئاتلىق بوز ئېتى زور ياردەم بېرىدۇ.

بۇندىن باشقا، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن كۆپىنچە ئاللا، رەسۇلىلا، تۆت يار، قىرىق چىلتەن، ئون ئىككى ئىمامدىن مەدەت تىلەيدۇ. بۇ توغرىسىدا مۇنداق نەزمىلەرنى ئوقۇيدۇ: «شاھتار شاھنىڭ شەھىرىگە كىرىشتىن بۇرۇن:... ئۈمىد بىلەن دەردىنى ئېيتىپ يۈكۈندۈم، تەرەھھۇم ۋاقتى يادەك پۈكۈلدۈم، قىرىق چىلتەن، ئون ئىككى ئىمامغا سېغىندىم، مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا ...» ③ .

مەلۇمكى، داستاندىكى ئەمىر گۆر ئوغلى ھەزرىتى ئەلىنىڭ بىر نەزەرى بىلەن تۇغۇلىدۇ. باش قەھرىمان گۆر ئوغلى بۇ ئارقىلىق باتۇرلۇق ۋە ئىلاھىيلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان رىۋايەتتىكى ئەلگە باغلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىزغا كۆزى چۈشكەندىكى نەزەرىنى «نۇر» دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ «نۇردىن تۆرىلىشى» گە ئالاقىدار ئەپسانىلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا كەڭ تارقالغان.

ئىنسانلار بۈگۈنكى يورۇقلۇق چىقىرىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى كەشىپ قىلمىغان، سۈنئىي ئوتقا ئېرىشمىگەن چاغلاردا پەقەت تەبىئەتتىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇز، چاقماق قاتارلىق تەبىئەت جىسىملىرىغا تايىنىپ ئۆز ئەتراپىدىكى تۈرلۈك تۈمەن شەيئىلەرنى كۆرەتتى. ئاشۇ جىسىملاردىن چىققان نۇرغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئەگەر نۇر بولمىسا ئۇلار ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالالمايتتى. شۇڭا، قەدىمدىن بۇيان ئىنسانلار نۇر چىقىرىدىغان جىسىملارغا قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ، بۇ جىسىملارغا چوقۇندى. ئۇلار ھەققىدە تۈرلۈك ئەپسانىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 يىللار ئىلگىرىكى مىسىرلىقلار قۇياش ئىلاھى «را» نى باشقا ئىلاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەڭ ئالى ئىلاھ، دەپ قارايتتى. ئەينى دەۋردىكى مىسىردا قۇياش ئېتىقادى ئاساسىدىكى ئەڭ قەدىمكى رىۋايەت توپلاملىرىدىن بىرى بولغان «ئۆلۈككە مەكتۇپ» بارلىققا كەلگەن. 4000 يىللار بۇرۇن يېزىلغان دەپ قارىلىۋاتقان قەدىمكى بابىللىقلارنىڭ «گىلگامىش» داستانىدىكى باش قەھرىمان «گىلگامىش» قۇياش ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى دەپ خاتىرىلەنگەن.

دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق نۇرلۇق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تېۋىنىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى. «تارىخنامە ھونلار تەزكىرىسى» دە ھون تەڭرىقۇتى ھەر كۈنى ئەتىگەن چېدىرىدىن چىقىپ يېڭى چىققان كۈنگە چوقۇنىدىغانلىقى، ھونلارنىڭ ئاي تولغاندا ھۇجۇم باشلاپ، ئاي ئورغاق بولغاندا ئەسكەر چېكىندۈرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن ④ . ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى بولغان ساكلار (ماسساگېتلار) توغرۇلۇق ھېرودوت مۇنداق يازغان: «ماسساگېتلار ھەر قايسى ئىلاھلاردىن پەقەت قۇياشقىلا چوقۇناتتى، ئۇلار قۇياشقا ئاتاپ ئاتلارنى قۇربانلىق قىلاتتى» ⑤ ، «ئوغۇزنامە» داستانىدا «ئوغۇزخان ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇردىن پەيدا بولغان بىر قىز بىلەن توي قىلىدۇ، بۇ قىزدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرىغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز دەپ ئات قويىدۇ، ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغان كۆك بۆرىمۇ نۇردىن تۆرۈلىدۇ» ⑥ .

دېمەك، قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار «نۇر» غا سىرلىق بىر تەبىئەت ھادىسىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. نۇرلۇق شەيئىلەردىن كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئوت قاتارلىقلارنى مۇقەددەس دەپ قاراپ تېۋىنغان. بۇ خىل ئېتىقاد ۋە ئادەتلەر ئورخۇن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىمىزملىق ۋە تۇتېمىزملىق ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەندۇرگەن شامان دىنىدا تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان.

كېيىنچە، ئاتەشپەرەسلىك، مانى ۋە بۇددا دىنلىرى ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ كىردى. بۇ دىنلار ئىچىدە ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنلىرى قۇياشنى مەركەز قىلغان نۇرلۇق جىسىملارنى ئۆزىگە ئېتىقاد مەنبەسى قىلغانىدى. شۇڭا، بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى نۇرغا ئالاقىدار ئېتىقاد ئادەتلىرى كېيىنكى ئاتەشپەرەسلىك (مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىر) ۋە مانى دىنلىرىغا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىر)

سىغىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئىراندا بارلىققا كەلگەن ئاتەشپەرەسلىك دىنى تاكى ئەرەب مۇسۇلمانلار مىلادى 642 ـ يىلى پارس ساسانىلار ئىمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلغۇچە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. چۈنكى، پارس ئارشاكلار سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 ـ يىلىدىن مىلادى 226 ـ يىلىغىچە) بىلەن ساسانىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادى 226 ـــ642) ئاتەشپەرەسلىك دىنىنى قوغداپ، كۈچەپ تەرغىب قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى، پەيغەمبىرى، مۇقىم ئاتەشخانىلىرى بار بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئامىللارمۇ بۇ دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «كۆك تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا (مىلادى 552 ـ يىلى) ئاتەشپەرەسلىك دىنى شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلەردىن بولغان سوغدىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يايلاقتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە تارقالغانىدى. كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ئاتەشپەرەسلىك دىنى تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرگە مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردە تارقىلىپ كىرگەن» ⑦ . بۇ جەرياندا، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ياشىغان شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلەردىن ساكلار ۋە سوغدىلار بۇ دىنىنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. «5 ـ ئەسىرگە ئائىت «ۋېينامە»دە كۆرسىتىلىشىچە، ئاتەشپەرەسلىك دىنى قەشقەر، خوتەن، قارا شەھەر، قوجۇ، ئۆۋرغولدا، سوغدىلار توپلىشىپ ياشىغان بۇخارا، سەمەرقەندتە ساقلانغان. ھەتتا سەمەرقەندتە ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئاساسىدىكى جازا قائىدىلىرى بولغان. شۈەنزاڭ 628 ـ يىلى سەمەرقەند ئەتراپىغا كەلگەندە بۇددىزمغا قارىغاندا ئاتەشپەرەسلىكنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. تۈرك يابغۇسى ياغاچنى مۇقەددەس ئوتنىڭ بەدىنى ھەسابلىغاچقا شۈەنزاڭنى تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزغانلىقى مەلۇم» ⑧ .

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن (8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى) ئۇيغۇرلار (شەرقىي ئۇيغۇرلار) ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن شامان دىنىدىن ۋاز كېچىپ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. مانى دىنى مىلادى ئۈچىنچى ئەسىردە ئىراندا مانى (مىلادى 216ـــ237) تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. بۈيۈك يورۇقلۇق ئىلاھىغا (نۇر ئىلاھىغا) چوقۇنۇش بۇ دىنىنىڭ يادرولۇق ئەقىدىسى ئىدى. ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر شائىرى ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ مۇنۇ شېئىرى ئۇيغۇرلاردىكى مانى دىنىنىڭ بىر مىسالى: «قۇياش تەڭرى كۆردىڭىز، قوغداپ قىلىڭ بىزنى سىز! ئاي تەڭرىمۇ كۆرۈندى، ۋاي قۇتقۇزۇڭ بىزنى سىز، تاڭ تەڭرى، خوش پۇراق ئېپار پۇراق، نۇرلۇنۇپ تۇرار پارلاق، تاڭ تەڭرى، تاڭ تەڭرى» ⑨ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مانى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئىشەنگەن دەۋرلەردە ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەرىجىسىدىكى نۇرلۇق جىسىملارغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى «ئىلاھىي نۇر» باغلايدىغان تۈۋەندىكىدەك ئەپسانىلارنى ياراتقان:

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەن لۇشەننىڭ زامانىدىشى ياۋرۇنىڭ «ئەن لۇشەن قىسسىسى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «ئەن لۇشەن يىگىتلىك شالغۇت غوزلاردىن بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى ئاتلاغسان. ئۇنىڭ ئانىسى تۈركلەرنىڭ ئاشىدىل ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئەسلىدە بىر پېرىخۇن ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا ئۇ ئاتلاغسان تەڭرىسىگە تېۋىنىپتۇ. ئاتلاغسان مانا شۇ تەڭرىدىن ئاپەرىدە بوپتۇ. ئەن لۇشەن تۇغۇلغان كېچىسى ئالەم قىزىل نۇرغا پۈركىنىپتۇ، ئەتراپتىكى ھايۋانلار ھۇۋلاپ ـ ھۆركىرىشىپ كېتىپتۇ. كۆككە قاراپ تۇرغانلار ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچقۇنلارنىڭ ئانا ياتقان چېدىر ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئاجايىپ ئىش خېلى مەزگىللەرگىچە داۋاملىشىپتۇ. ئانا بۇنى تەڭرىنىڭ كارامىتى دەپ قاراپ تۇغۇلغان بوۋاققا ئاتلاغسان دېگەن تەڭرىنىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ. تۈركلەر ئۇرۇش تەڭرىسىنى ئاتلاغسان دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالغاچقا، ئانىسى بىلەن تۈركلەر ئارىسىدا چوڭ بوپتۇ» ⑩ .

تارىخىي كىتابلاردىن 13 ـ ئەسىردە يېزىلغان «تارىخىي جاھانكۇشاي»دا ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تۇغۇلۇشى مۇنداق بايان قىلىنغان: «.... ئىككى دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دۆڭ بار ئىكەن، قۇياش نۇرىدا بۇ دۆڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ ئېگىزلەپتۇ. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ، ... دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ھامىلدار ئايال بوشانغاندىكىدەك دۇنياغا يېڭى كەلگەن بوۋاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ...». تەتقىقاتچىلار دۆڭگە چۈشكەن بۇ نۇر مانى دىنىدىكى «ئىلاھىي نۇر» دەپ قارايدۇ. بۇ ئەپسانىنىڭ مىلادى 1331 ـ يىلى تىكلەنگەن «ئىدىقۇت خانىنىڭ تۆھپىلىرى» دىكى يەنە بىر ۋارىيانتىدا بالىلار دۆڭگە چۈشكەن نۇردىن ئەمەس، بەلكى دەرەختە چۈشكەن نۇردىن تۇغۇلىدۇ: «... بىر كۈنى ئىككى دەريا

M I R A S

ئۇتتۇرىسىدىكى دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئۇشتۇمتۇتلا نۇر چۈشۈپ، ئۇ دەرەخ ئىككى قات بولۇپ قاپتۇ. ئارىدىن توققۇز ئاي 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەرەخ يېرىلىپتۇدە، بەش بالا تۇغۇلۇپتۇ ...» ⑫ .

«ئىلاھىي نۇر» ھەققىدىكى قاراشلار ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنىدا جۇغلىنىپ بۇ دىنلاردا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن. شۇ ئاساستا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن. مانى دىنى ئەمەلىيەتتە ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. بۇگۈنكى كۈندە مانى دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر دەستۇر ئاساسەن يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دىنىنىڭ تەسىرى ئاتەشپەرەسلىك دىنىدەك كەڭ ۋە چوڭقۇر بولمىغان. ئۇنداق بولسا، ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى «ئىلاھىي نۇر» بىلەن كېيىن پەيدا بولغان «ئەلى نۇرى» نىڭ مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىستا»دىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، بارچە نۇرلار باش ئىلاھ ئاخۇرمازدانىڭ نۇرىدىن پەيدا بولغان. بۇ «ئىلاھىي نۇر» ياخشىلىق ئىلاھلىرىدا نامايان بولۇپ، ئاخۇر مازدانىڭ ئىلاھىي كۈچى ۋە بەخت - سائادىتىگە ۋەكىللىك قىلغان. ياخشىلىق ئىلاھلىرى زۇلمەت دۇنياسىدىكى ئەھرەمەن باشچىلىقىدىكى يامانلىق ئىلاھلىرى بىلەن داۋاملىق كۆرەش قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىپ كىشىلەرگە ئامانلىق، ئائىلىگە بەخت، دۆلەتكە بەختەرلىك بەخش ئەتكەن. شۇڭا، نۇر چىقىرىدىغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ماختالغان. «مەڭگۈلۈك، ھەيۋەتلىك ۋە دۇلدۇلدەك تېز چاپىدىغان قۇياشنى مەدھىيىلەيمىز، كالىغا ھامىلدار بولغان ئايىنى مەدھىيىلەيمىز، نۇرلۇق ۋە ھەيۋەتلىك دىشتار يۇلتۇزىنى مەدھىيىلەيمىز (ئاۋىستا 317 - بەت)». بۇ تەبىئىي نۇرلۇق جىسىملاردىن باشقا نۇرغا مۇناسىۋەتلىك ياخشى ئىلاھلار ئىچىدە نۇر ۋە ئەھدە ئىلاھى بولغان «مىھىر (مىتر، مىتخرا، مىترا)» ئالاھىدە ئورۇندا تۇرغان. چۈنكى مىھىر نۇر ئىلاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىران شاھلىرىنىڭ، زوروئاستىرنىڭ ۋە ئىران قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. ئاۋىستانىڭ بىرىنچى بۆلۈمى گاتخادا (قەسىدە) «ئىلاھىي نۇر» ھەققىدە كۆپ بايان يوق، ئەمما ئۈچىنچى بۆلۈم زامىياد ياشت (يەر ئىلاھىغا تىلەك) قىسمىدا «ئىلاھىي نۇر» نىڭ ئىران قەبىلىسىگە ۋە زوروئاستىرغا خاس ئىكەنلىكى، ئىلاھىي نۇرغا تۇران شاھى ئەفراسىياپنىڭ ئىرىشمەن دەپمۇ ئىرىشەلمىگەنلىكى، بۇ ئىلاھىي نۇرنىڭ قەدىمكى ئىران شاھلىرىغىمۇ تەئەللۇق ئىكەنلىكى، مۇشۇ ئىلاھىي نۇر بولغانلىقتىن ئۇلار جەڭدە غەلىبە قىلالايدىغانلىقى پۈتۈلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاۋىستادا نۇر ئىلاھى «مىھىر» نىڭ سۈپەتلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئاخۇرمازدا: ئاسمان زېمىننى ياراتقان ۋاقتىمدا مىھىرنى ياراتتىم، ئۇ مەن بىلەن بىردەك مەدھىيىلىنىشكە ۋە تېۋىنىلىشقا ھەقلىق، 164 - بەت»، «مىھىر نۇر ۋە ئەھدە ئىلاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىپايان زېمىننى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، يالغان گەپ قىلغان، ئەھدىگە ۋاپا قىلمىغانلارنى جازالايدۇ، 178 - بەت»، «بارچە ئىلاھىي نۇرلارنىڭ ياردىمىدىلا ئايال كىشى ھامىلدار بولۇپ، تىنچ - ئامان يەڭگىيەلەيدۇ. بارچە ئىلاھىي نۇرلارنىڭ ياردىمىدىلا ئەڭ ئەقىللىق ۋە دانا ئوغۇل دۇنياغا كېلەلەيدۇ، 214 - بەت»، «ئات ئۈستىدىكى باتۇرلار مىھرغا ئاتاپ نەزىر قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن بەدىنىنىڭ كۈچلۈك، ساغلام بولۇشىنى، مىنىدىغان ئېتىنىڭ قاۋۇل بولۇشىنى، بۇ ئارقىلىق يىراقتىكى دۈشمەننى ۋاقتىدا بايقاپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى تىلەيدۇ، 167 - بەت»، «مىھىر جەڭ ئوتى يېقىلغاندا، جەڭچى ۋە قوماندانلارغا ھەيۋەت بېغىشلايدۇ، ئۇ قەيسەر ۋە باتۇر بولۇپ، دۈشمەننىڭ ھەر قانداق قورغىنىنى بىتچىت قىلىۋېتەلەيدۇ، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ دۈشمەنلەر نەيزە ۋە قالقانلىرىنى تاشلاپ قاچىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغان قانخور دۈشمەنلەر ئۆلگۈدەك قورقۇپ تىنى جۇغۇلدايدۇ، 175 - بەت»، «ئاخۇر مازدا ياراتقان ئۇرۇش ئىلاھى بەھرام، ئۆزىنى قوغداۋاتقان ئۆتكۈر چىشلىق توڭگۇزغا ئوخشاش مىھرنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭىدۇ، 185 - بەت»، «مىھىر ئاپئاق دۇلدۇلغا مىنگەن، قولىدا ئۆتكۈر نەيزە ۋە ئوقيا كۆتۈرگەن، جەڭلەردە يېڭىلمەيدىغان بەھەيۋەت قەھرىمان، 195 - بەت»، «مىھىر سادىق ۋە ۋاپالىقلار دۆلىتىدە ئايلىنىپ يۈرىدىغان نۇردۇر. ئۇ بىپايان دالىلاردا، ئايىغى يوق چۆللەردىكى ئەركىن كىشىلەر ۋە پادىلار ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ، 199 - بەت»، «مىھرنى مەدھىيىلەيمىز—ئۇ ئەڭ دەسلەپ يارىتىلغان ياخشىلىق ۋە ئەرشىنىڭ قەھرىمانى. ئۇ ئىنتايىن كۆيۈمچان ۋە ئايىغۇچى، ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق، ئۇ بۈيۈك، باتۇر ۋە قورقماس، تالايلىغان جەڭلەردە ئۇ دۈشمەنلەرنى تىز پۈكتۈرگەن، 205 - بەت» ⑬ .

ئاۋىستادىكى بايانلار بويىچە قارىغاندا، مىھىر باش ئىلاھ ئاخۇرمازدا بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇرۇش ئىلاھى بەھراممۇ ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ئۇ ئىلاھىي ئاتقا مىنىپ، نەيزە ۋە قالقىنىنى ئېلىپ دۇنيانى ئايلىنىپ يۈرىدۇ، دۇنيانى داۋاملىق كۆزەتكەچ ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى جازالايدۇ، مىھىر ھەر قانداق جەڭدە غەلبە قىلىدۇ. قەھرىمانلار ئۇنىڭدىن دائىما مەدەت تىلەيدۇ. مىھىر قاتارلىق ئىلاھىي نۇر ئىگىلىرىدىن نۇرغا ئېرىشكەن كىشىلا پادىشاھ ياكى قەھرىمان بولالايدۇ.

ئەلىنىڭ قىلىچى بولغان زۇلپىقارى، دۇلدۇل ئېتى، ئۇنىڭ جەڭلەردىكى قەھرىمانلىقى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر. بولۇپمۇ ، شىئەلەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلىنى، زۇلپىقارىنى ئاللا ئەلىگە ھەدىيە قىلغان، دەپ ئىلاھىيلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل قاراش «گۆر ئوغلى داستانى»دىكى باش قەھرىمان گۆر ئوغلىنىڭ ئەلىگە باغلىنىپ ئىسلامچە تۈستە مەيدانغا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن «نۇردىن تۆرىلىش»نى ئەلىگە باغلاپ مۇنداق رىۋايەتلەرنى ياراتقان:

بۇغراخانلار تەزكىرىسىدە: «سەييىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ كىملىكى ھەققىدە ھازىر ھەرخىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر ئۇنى قاراخانىيلار خانى مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىمنىڭ ئوغلى، ئىسمى ئەبۇ ئەلى ھەسەن دېسە، يەنە بەزىلەر نۇرئالانۇر خېنىمنىڭ ھەزرىتى ئەلىنى چۈشىدە كۆرۈپ ھامىلدار بولغاندىن كېيىنكى بالىسى، بىر ئىسمى شاھى مەردان، يەنە بىر ئىسمى ھەيدەر ئەلى ئارسلانخان دەيدۇ» دەپ بايان قىلىنغان ⑭ .

مىلادى 1240 ـ يىلى يېزىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپى تارىخى» دا: «چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ بوۋىلىرىدىن دۇبەن مەرگەننىڭ ئايالى ئالانقۇۋا تۇل قالغاندىن كېيىن نۇردىن ھامىلدار بولۇپ، ئۈچ بالا تۇغقانلىقى بايان قىلىنغان»⑮. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتىنى يەتتە ئەسىر كېيىن، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى (مىلادى 1836ــ 1917) «تارىخي ھەمىدىي» (1908 ـ يىلى تاماملانغان) ناملىق ئەسىرىدە: «موڭغۇللارنىڭ نەسەبىنى بايان قىلىپ موڭغۇل خانلىرىدىن يۇلتۇزخاننىڭ تۇل ئايالى ئالانقۇۋانىڭ نۇردىن ھامىلدار بولغانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ بۇ نۇرنى ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھۇ ياكى جىبرائىل ئەلەيھىسسالام دەپ قىياس قىلىشقانلىقىنى خاتىرىلىگەن ھەم بۇ خىل ئېتىقادنىڭ ئىسلامغا زىت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان» ⑯ . تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، 2008 ـ يىل 1 ـ ئايدا خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئىمام ئەپتەھ مازىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا 72 ياشلىق ئەكرەم ئاخۇن خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسى چاقا يېزىسىدىكى بىر تاغدا غايىب بولغان دەپ ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن ئىمام مەھدى «ھەزرىتى ئەلىنىڭ خوتەن شاھىنىڭ قىزىغا بىر نەزەر قىلىشىدىن تۇغۇلغان» دېگەن رىۋايەتنى ئېيتىپ بەردى.

دېمەك، «ئىلاھىي نۇر»دىن ئادەم تۆرىلىش تۈردىكى ئەپسانىلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىغا خېلى بالدۇر تارقالغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزاكى ئەسەرلىرىدە ئۈزلۈكسىز ئىپادىلەنگەن. ھەر بىر دەۋردە قايتا ـ قايتا ئىجاد قىلىنىپ، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلگان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، بۇ خىل قاراش شىئە مەزھىپىدىكى «ئىماملار ئاللانىڭ پاناھىدا بولىدۇ، ئۇلاردا پەيغەمبەردىن مىراس قالغان «ئىلاھىي نۇر» بار. ئۇلار ئاللاھدە ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە، زادىلا گۇناھ سادىر قىلمايدۇ» ⑰ . دېگەن ئەقىدىگە ماسلاشتۇرۇلغان. «‹نۇرى مۇھەممەد› ۋە ‹نۇرى ئەلى› نامى بىلەن ئاتالغان ئىلاھىي نۇر كۆچۈش نەزەرىيىسى شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننى مەزھىپى تەلىماتلىرىدىكى ئەڭ چوڭ پەرقلەرنىڭ بىرى» ⑱ . «شىئە مەزھىپىنىڭ تەسىرى بۇ تۈردىكى داستانلارنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، خەلىپە ئەلى مۇھىم رول ئوينىغان» ⑲ . بۇ خىل «ئىلاھىي نۇر» قارىشى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىغىمۇ سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، مۇتەسەۋۋۇپلارمۇ «ئىلاھىي نۇر»غا تەرىقەت يولىدا چىنىققان كىشىلەر ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىغان. ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىدىمۇ بۇ ئېتىقاد ئىپادىلىنىدۇ: ئۇيغۇرلاردا «نۇر مۇھەممەد، نۇر ئەھمەد، نۇر ئەلى» دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ. شىئەلەر ۋە سوپىلار ئىسلام پېشىۋالىرىدا «ئىلاھىي نۇر» بار، بۇ نۇر ئادەمدىن ئادەمگە كۆچىدۇ دەپ قارىغان، بولۇپمۇ «ئەلى نۇرى ياكى نۇر ئەلى»نىڭ كۆچۈشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كۆپلەپ تارقىلىپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى «نۇردىن تۆرىلىش» موتىفى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ كەتكەن. خەلق ئارىسىدا ئىلگىرىكى رىۋايەتلەر ئۇنتۇلۇپ ھەزرىتى ئەلىگە باغلىق «ئىلاھىي نۇر» بۈگۈنگىچە

داۋاملىشىپ كەلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، تىلى شەرقىي ئىران تىلىغا تەۋە قەدىمكى ساكلار ۋە سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمىي خەلقلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار تارىم ۋادىسىدىكى ۋە ئورخۇن بويىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنلىرىنىڭ تارقىلىشىدا ۋاستىلىك رول ئوينىغان. يەنە كېلىپ بۇ خەلقلەر ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ بىرگە ياشىغان. كېيىنچە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بارا - بارا ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. ئورخۇن بويىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن خېلى بۇرۇنلا ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىلاھىي نۇر» ئەپسانىلىرى ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنىدىكى «ئىلاھىي نۇر»غا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى بۆرىگە باغلاشتىن نۇرغا باغلاشقا ئۆتكەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، ھەزرىتى ئەلىگە تۇرلۇك ئىلاھىي نۇر ئەقىدىلىرى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى نۇر ئىلاھى مېھرىنىڭ سۈپەتلىرى قوشۇلۇپ ئىلاھلاشتۇرۇلغان. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەزرىتى ئەلىنىڭ نۇردىن گۆر ئوغلى، ئالانقۇۋانىڭ ئۈچ ئوغلى، ئىمام مەھدى قاتارلىق قەھرىمانلار ئاپىرىدە بولغان. بۇ، تۇرلۇك يورۇقلۇقتا تېۋىنىش ۋە ئاتەشپەرەسلىك ئادەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ يورۇقلۇقتا ئالاقىدار تېۋىنىش ئادەتلىرىنى ئىسلاملاشتۇرۇپ رىۋايەت ۋە داستانلىرىدا ساقلاپ كەلگەنلىكىنىڭ بىر مىسالى بولۇشى مۇمكىن.

**ئىزاھلار:**

① 陈岗龙,张玉安 主编:《东方民间文学概论》, 阿地力.居玛吐尔德:中亚民间文学,昆仑出版社,2006 年第一版,第 464 页。从 : Karl Reichl : Turkic Oral Epic poetry Tradition, Forms, Poetic Structure, Carland Publishing, 331, 332, New York & London 1992, p319

② 陈岗龙,张玉安 主编:《东方民间文学概论》,阿地力.居玛吐尔德:中亚民间文学,昆仑出版社,2006 年第一版,第 461 页

③ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى تەھرىر ھەيئىتى: «ئەمىر گۆر ئوغلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى.

④ 迪木拉提·奥玛尔:《阿尔泰语系诸民族萨满教研究》, 新疆人民出版社,1995 年 12 月第一版,引用这本书的第 56,57 页。

⑤ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، ئابلەت نۇردۇن، ئەزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى 14 - بەت.

⑥ گېلىڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل.

⑦ 季进新:《新疆宗教演变史》, 新疆人民出版社, 2003 年 10 月第一版, 第 78 页。

⑧ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىلى 8 - ئاي، 43 - بەت.

⑨ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 95 بەت.

⑩ ئۆمەرجان نۇرى: «ئۇيغۇرلاردىكى نۇردىن تۆرىلىشكە دائىر تۈنجى ئەپسانە»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2002 - يىل 1 - سان.

⑪ 志费尼 著, 何高济 译:《世界征服史》,商务印书馆,2004 年 10 月第一版, 第 58,63 页。

⑫ ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 67 - بەت.

⑬ 伊朗贾利尔·杜斯特哈赫 选编《阿维斯塔》商务印书馆,2005 年 11 月第一版

⑭ موللا ھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، نەشرگە تەييارلىغۇچى ئابدۇرېھىم سابىت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 16 - بەت.

⑮ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»: ئەركىن شېرىپ تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى 8 - بەت.

⑯ موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل 12 - ئاي، 1 - نەشرى، 58 - بەت.

⑰ ھاجى نۇر ھاجى، چىن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 - يىل 11 - ئاي، 72 - بەت.

⑱ زەمىر سەئىدۇللازادە، پەرھات غاپپار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، 119 - بەت.

⑲ كارل رېيشل (گېرمانىيە) «قەھرىمانلار ۋە ئىلاھلار»، «مىراس» ژورنىلى 2007 - يىللىق 2 - سان.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور كەسپى ماگىستىرانتى

# گۈل ۋە مەدەنىيەت



خەلچەم مۇھەممەد

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن گۈلنى ياخشى كۆرۈپ قەدىرلەپ كەلگەن گۈلخۇمار خەلقتۇر. ئۇلار تارىختا ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشاپ ئاۋۇغان. ئۇلار تىرىكچىلىك قىلغان تەڭرىتاغ، ئالتاي ئېتەكلىرى، ئورخۇن - سېلىنگا دەريا بويلىرى، ئۆتەكەن تاغلىرى ئېتىكىدىكى پايانسىز دالا - قىرلار، گۈزەل يايلاقلار، جۇملىدىن، تارىم، ئىلى دەريا بويلىرى، تۇرپان ئويمانلىقى ئەتىيازدىن باشلاپ كۈزگىچە بولۇق، ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر، رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەرگە پۈركىنىپ سۈرەتتەك گۈزەل تۈسكە كىرىپ، ئادەمدە ئاجايىپ شېرىن، نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى قوزغىماي قالمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەسىرلەر داۋامىدا ھاياتلىقنىڭ يارقىن سىماسى بولغان ئوت - چۆپلەر، گۈل - چېچەكلەر ئۈستىدە تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى كۆرگىنى گۈل - چېچەكلەر بولغان. ئۇلار گۈل - چېچەكلەر ئىچىدە ياشاپ ئۆسۈپ يېتىلگەن. بۇنداق تەبىئىي ياشاش مۇھىتى ئۇلارنىڭ پسىخىك ئېڭىدا مۇقەررەر ھالدا يېشىللىقنى، ئوت - چۆپلەر، بولۇپمۇ، گۈلنى ياخشى كۆرۈشنى پەيدا قىلغان. بۇنداق پسىخىك ئاڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشقان ۋە تۇراقلىشىپ پۈتكۈل مىللەتنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش ئەنئەنىۋى ئادىتى بولۇپ شەكىللەنگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گۈل - گىياھلار رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، ناخشا - قوشاق قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە باشقا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ گۈل بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، گۈلنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن ھېس قىلىمىز. بىر ئۇيغۇر تۆت تام سوقۇپ ماكان تۇتسا، ئاۋۋال گۈل - گىياھ تىكىدۇ. ھەشقىپىچەك، كاۋا - قاپاقتا باراڭ ياسايدۇ. يىگىتلەر قىزلارغا گۈل تۇتۇپ مۇھەببەت ئىزھار قىلسا، قىزلار قولياغلىق، تاماكا خالتىلىرىغا گۈل چېكىپ يىگىتكە قايتۇرۇپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرىدۇ. 70 ياشلىق موماي پىيازلىقتىن قايتقىنىدا قىردىكى رەيھان كۆكىدىن يۇلۇپ قۇلىقىغا قىسسا، بوۋايلار دوپپىسىغا باستۇرۇپ، چېكىسىگە قىزىلگۈل غۇنچىسىنى قىسىدۇ. گۈلنى بۇ دەرىجىدە سۆيۈش، ئەتىۋارلاش ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى گەۋدىلىك.

شىنجاڭنىڭ قايسى يېرىگە بارمايلى، كىشىلەرنىڭ ھويلىسىدا، ئائىلىسىدە گۈل ئۆستۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى چېكىسىگە ياكى مەيدىسىگە گۈل تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. گۈل ئۇلارغا زىننەت بېغىشلايدۇ، گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ. باللار ۋە يىگىتلەر مەيدىسىگە گۈل تاقىۋېلىپ كۆڭۈل شادلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شەھەر، بازارلاردا تىجارەتچىلەر دۇكىنىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە تەشتەكلىك گۈللەرنى قويۇپ قويىدۇ. ئوقەتچىلەر ھارۋا - غالتەكلەرنىڭ ئۈستىگە گۈللەرنى قاداپ خېرىدارلارنى جەلپ قىلىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆزەتسەك، باللارنىڭ ئۇستازىنى ھۆرمەتلەپ گۈل سوۋغا قىلىشىۋاتقانلىقىنى، كېسەل يوقلىغاندا، ئەل سۆيگەن سەنئەتكارلار ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى نامايان قىلغاندا ئۇلارغا بولغان مەدەتلىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە گۈل سوۋغا قىلىشىۋاتقانلىقىنى، ئارىمىزدىن بىرەرسى مۇۋەپپەقىيەت قازانسا ئۇلارغا بولغان قايىللىقىمىز، ھۆرمىتىمىزنى مۇجەسسەملەپ يەنە شۇ ئۇلۇغ ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولغان گۈلنى سوۋغاتلىق سۈپىتىدە سۇنۇشىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا يىگىت - قىزلارنىڭ بىر - بىرىگە گۈل تەقدىم قىلىپ سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىۋاتقانلىقىنى، توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام،

مەشرەپ، تەنتەنىلىك يىغىلىش سورۇنلىرىدا ئەزىز مېھمانلارغا گۈل تەقدىم قىلىنىۋاتقانلىقىنى، تويى بولغان قىز - يىگىتلەرنىڭ باشلىرىدىن گۈل چېچىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 1 - سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا X ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانىنىڭ رەسىمى بېرىلگەن. رەسىمدە ئالىپ ئارسلان ئۇيغۇر تېكىن پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلنى ئەتىۋارلاپ تۇتقان هالدا سىزىلغان. يەنە «تۇرپانشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 2 - سان مۇقاۋىسىنىڭ 4 - بېتىگە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىق دەۋرى X ئەسىرگە تەۋە بولغان «بۇددا تاپىنغۇچىللىرى رەسىمى» بېرىلگەن. رەسىمدىكى بۇددىغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ كىيىنىشى، باش كىيىمى ۋە قىياپىتىگە قاراپ ئۇلارنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ هۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە مەنسۇپ ئادەملەر ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلىشقا بولىدۇ. ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، چوقۇنغۇچىلارنىڭ هەممىسى گۈل تۇتقان هالدا بۇتساتۇاغا چوقۇنۇپ تۇرىدۇ.

بىز X ئەسىرگە تەۋە بولغان يۇقىرىقى ئىككى پارچە رەسىمدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە گۈلنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە گۈل گۈزەللىكنىڭ، ئالىيجانابلىقنىڭ سىماسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدىغانلىقىنى هەمدە بۇددا دىنىي ئەقىدىسىدە گۈلنىڭ پاكلىقنىڭ، تىنچ - ئامانلىقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ بەلگىسى قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى كۆزەتسەك، ئۇلارنىڭ ئادەم ئىسىملىرىنىڭ بېشىغا ياكى ئاخىرىغا گۈلنى قوشۇپ ئاتايدىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ گۈلنى نەقەدەر ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى هېس قىلىمىز. قومۇل - تۇرپاندىن، ئۈرۈمچى - غۇلجىغىچە، كورلىدىن - قەشقەر خوتەنگىچە قايسىبىر يۇرتقا بارساق ئوخشاشلا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىسمىغا «گۈل» قوشۇلۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

گۈلخۇمار ئۇيغۇرلارنىڭ گۈلنى سۆيۈش ئەنئەنىسى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كەشتىچىلىك سەنئىتىدىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى بۆك - دوپپىلارغا، قولىياغلىق ۋە باش ياغلىقنىڭ چۆرىلىرىگە هەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى چېۋەرلىك بىلەن كەشتىلەيدۇ. ئاياللار كۆڭلەك، كوپتا - يوپكىلارنىڭ يەڭ، ياقا، ئېتەك، پەشلىرىگە هەر خىل نەقىش، گۈللەرنى كەشتىلەپ ئۇلارنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىدۇ. هازىرمۇ (كۆپرەك يېزىلاردا) ياستۇق قېپى، ياغلىق، لۆڭگە، يوتقان قاپلىرىغا، بوۋاقلارنىڭ ئىشتان - پايپاقلىرىغا گۈل كەشتىلەنگەنلىكىنى كۆپرەك ئۇچراتقىلى بولىدۇ. 1000 يىللاردىن بۇيان گىلەملەر، تەگلىمات، كىگىزلەرگە هەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلىدىغانلىقى هەممىگە ئايان. ئۆي - ئىمارەت تاملىرى، بىنا پېشايۋانلارنىڭ تۈۋرۈكلىرى، تورۇس، ئىشكىلەرگە هەمدە ئىشكاپ، ساندۇق قاتارلىق ئۆي جاهازىلىرىغىمۇ كۆركەم گۈل نۇسخىلىرىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ، بارا - بارا بېيىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادىتىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ گۈل - گىياھتىن ئىبارەت بۇ گۈزەللىك سىمۋولىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنى ئۆز تۇرمۇشىدا ئەتىۋارلاپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

تۇرپاندىكى 1777 - يىلى ياسالغان ئىمىن ۋاڭ مۇنارى خىشلارنى گېئومېترىيىلىك شەكىلدە كرىستۇرۇپ تىزىش ئارقىلىق 16 خىل گۈل نەقىش چىقىرىلىپ سېلىنغان. بۇ مۇنار هازىرمۇ مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەلدىن كەلگەن ساياهەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى بولغان نان - توقاچلارنىڭ چىرايلىق گۈل چىقىرىپ پىشۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار پىشۇرغان پېچىنە - پىرەنىكلىرىمۇ شۇنداق. ئۇيغۇرلارنىڭ نان - توقاچ، پېچىنە - پىرەنىكلەرگە گۈل چىقىرىپ پىشۇرۇش ناهايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تەتقىقاتچى ۋاڭ بىڭخۇا «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىلى 1 - سانىغا بېسىلغان «تۇرپاننىڭ قەدىمكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى هەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىدە: «ئاستانە قەبرىستانلىقىنىڭ يەر مەيدانى ئون كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. جىن، تاڭ دەۋرىدىكى (3 - ئەسىردىن 9 - ئەسىرگىچە) قەدىمكى قەبرىلەر رەتلىك تىزىلغان هەم دەپنە بۇيۇملىرىنىڭ تۈرىمۇ ئاز ئەمەس. 1973 - يىلى مۆكەممەل

ساقلانغان نان ئەۋرىشكىسى قېزىۋېلىندى. ئۈستىگە گۈل چېكىلگەن... كۆرۈنۈشى ئىنتايىن كۆركەم، ھەر خىل شەكىلدىكى پېچىنە ـ پىرەنىكلەرگە ھەر خىل شەكىلدىكى گۈللەرنى بېسىپ، ئوتتا قىزدۇرۇپ پىشۇرغان» دەپ يازغان.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا گۈلنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەن. ھازىرمۇ شۇنداق. ئۇلار تۇرمۇشىدا گۈلدىن ئايرىلالمايدۇ. گۈل ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان ئۇيغۇر ناخشا ـ قوشاقلىرى، داستان، رىۋايەت، چۆچەكلەردە گۈل ياخشىلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، ۋىسال شادلىقىنىڭ، بەخت ـ سائادەتنىڭ، چىن سۆيگۈنىڭ سىمۋولى بولۇپ كۈيلەنگەن. دەرەخنىڭ يىلتىزى سۇنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا گۈل ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنىڭ، خۇشاللىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ، گۈزەللىك ۋە پاكلىقنىڭ، ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقنىڭ، ئەركىن مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى، دەپ قارىلىپ كەلگەن. بۇ خىل قاراش تاسادىپىي ياكى يېقىنقى مەزگىللەردىلا شەكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا پەيدىنپەي شەكىللىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە پەيدىنپەي مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان تارىخىي دەۋردىمۇ، گۈل ـ گىياھلارنى ياخشى كۆرۈش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ تېخىمۇ بېيىتقان.

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن 21 ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ (مىلادى 3 ـ ، 4 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە) جەسەت ئۆيىنىڭ ئىچكى تاملىرى ھاك بىلەن ئاقارتىلىپ ھەر خىل گۈللەر ۋە قۇشلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان. بىز بۇنىڭدىن شۇ زاماندىكى ئادەملەرنىڭ قەبرە بېشىغىمۇ گۈل تىزىپ گۈل قويىدىغانلىقىنى جەزم قىلالايمىز.

1889 ـ يىلى ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى خوشۇ ـ ـ سايرام دېگەن جايدىن تېپىلغان مىلادى 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى»نىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي يۈزىگە «بىلگە خاقان(مەڭگۈ تاش) تېكىستىنى مەڭگى يوللۇغ تېكىن يازدىم. بۇنچە كۆپ قۇرۇلۇش، نەقىش ئىسىل(؟)... بىلگە خاقاننىڭ جىيەن ئوغلى مەڭگى يوللۇغ تېكىن بىر ئاي تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم، زىننەتلىدىم...» دەپ يېزىلغان. ناھايىتى ئېنىقكى، يۇقىرىقى قۇرلاردىكى «نەقىش، ئېسىل... زىننەتلىدىم» دېگەن سۆزلەرنى مەرمەر تاشقا چىرايلىق ئويغاندىن باشقا يەنە «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» ۋە تاش ئورنىتىلغان قەبرىنى گۈللەر بىلەن بېزىگەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابنىڭ باش قىسمىدىكى سۈرەتلەرگە ۋە 2 ـ بېتىدىكى مەڭگۈ تاش رەسىمىگە قارىساق، مەڭگۈ تاشنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىنىڭ ناھايىتى كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى ھەم نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بىز بۇ رەسىملەرگە قاراپ يەنە ئەينى زاماندا قەبرە بېشىغا گۈل تېرىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. تۇرپان ئاستانە ئالتۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىكى 1778 ـ يىلى ئەتراپىدا لوكچۇنلۇك تېيىپ ئۇستا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ياسىغان ئىمىن ۋاڭ قەبرىگاھىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزىنىڭ ئىچكى تاملىرىغا رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ، مېۋىلەرنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان. بۇنىڭدىن بىز قەبرىنى ھەر ئازنا ـ پەيشەنبە تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەر يىلى ئەتىيازدا قەبرە بېشىغا گۈل، ئوت ـ چۆپلەرنى تېرىپ قويىدىغانلىقىنى ۋە ياكى گۈلدەستىلەرنى قويۇپ قويىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن بىلىشىمىزچە، شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ياسالغان ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا گۈل ـ گىياھ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي چى سۇلالىسى (مىلادى 550 ـ ، 557 ـ يىللار) دەۋرىگە ئائىت بولغان، بېشىغا گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن دوپپا(يەنى گۈللۈك دوپپا) كىيىپ ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان غەربىي يۇرت سەنئەتچىلىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مىس چۆگۈن نىيە ناھىيىسىدىن تېپىلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بولغان چۆچەككە ئورالغان تېگى كۆك، ئۈستىگە ئاق گۈل بېسىلغان ھەمدە بىر تەرەپكە ئۇششاق چاقماق گۈل چۈشۈرۈلگەن كۆك رەخت، شۇنداقلا ئاستانە قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە

ئائىت يۇزىگە ئاچ قىزىل، سۇس ھاۋارەڭ، سېرىق،
كۆك، جىگەر رەڭ، ئاقتىن ئىبارەت ئالتە خىل رەڭلىك
مەشۇت يېپتىن گۈل كەشتىلەنگەن بولۇت باشلىق كىم-
خاب ئاياغ قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار ئۆزىنىڭ
كۆركەم، يىل دەۋرىنىڭ ئۇزاقلىقى (ئەلۋەتتە گۈل - گى-
ياھ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن يىل دەۋرى بۇنىڭدىنمۇ
ئۇزاق بولغان يادىكارلىقلارمۇ بولۇشى مۇمكىن) بىلەن
غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەرنىڭ قەدىم زا-
مانلاردىن باشلاپلا گۈلنى تۇرمۇشنىڭ ھەممىلا تەرەپلى-
رىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە گۈللەرنى
كۆركەم سىزىش ماھارىتىنىڭمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ، ئەجدادلارنىڭ
گۈل - گىياھنى گۈزەل سەنئەتنىڭ مۇھىم ئېستېتىك
لەززەت ئوبيېكتى قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇلبۇل ئەزەلدىن گۈلگە ئا-
شىق ئىكەن، شۇڭلاشقا بۇلبۇل گۈلنىڭ غۇنچىلىشىنى ۋە
خۇش پۇراق تارقىتىپ ئېچىلىشىنى كۆرۈشكە شەيدا ئى-
كەن. لېكىن گۈلنىڭ سۈبھى دەمدە، تاڭ سەھەردە ئې-
چىلىشىنى بۇلبۇل بىلمەيدىكەن. بۇلبۇل گۈلنىڭ ئېچى-
لىۋاتقان پەيتىنى كۆرۈش ئىشتىياقىدا ھەر كۈنى دېگۈ-
دەك گۈلنىڭ يېنىدىكى بىر دەرەخكە قونۇپ، تۈن بويى
كىرپىك قاقماي چىقىدىكەن. بىراق، دەل گۈل ئېچىلى-
دىغان پەيتتە غەپلەت بېسىپ ئۇخلاپ قالىدىكەن.
«بۇلبۇل ئۇيقۇسى» تاماملانغىچە گۈل ئېچىلىپ بولى-
دىكەن. شۇندا بۇلبۇل غەپلەتتە قالغىنىغا ملڭ پۇشايمان
يەپ، ھەسرەت - نادامەت بىلەن نالە - پىغان باشلايدى-
كەن. بۇلبۇلنىڭ يۈرەكنى تىترىتىپ مۇڭلۇق سايرىشى
شۇنىڭدىن ئىكەن. بۇ رىۋايەت ھەقىقەتەن گۈلنىڭ ئا-
جايىپ مەپتۇنكار سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ ۋە
پۈتۈن كائىناتنىڭ گۈلگە بولغان تەشنالىقىنى ئەكس
ئەتتۈرىدۇ. دەرۋەقە، گۈل تەبىئەتنىڭ ھۆسنى، ھاياتنىڭ
كۆركى، گۈزەللىك تىمسالى، شادلىق مەنبەسى ، ئىنسان
روھىنى خۇش كەيىپ قىلغۇچى مۇشكى - ئەنبەردۇر. شۇ
سەۋەبتىن گۈلگە تەلپۈنمەيدىغان، ئۇنىڭ ھۆسنى - جا-
مالىغا شەيدا بولمايدىغان ئىنساننى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.
چۈنكى ئىنسان تەبىئىتى گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىك
تەلپۈ بويىچە ياشاشتىن ئىبارەت.

گۈل شۇنچە ئەتىۋارلىق، شۇنچە قەدىرلىك مۆجىزە
ئىدىكى، تارىختىن بۇيان يازغۇچى - شائىرلار، رەس-
ساملار، سەنئەتكارلارنىڭ گۈلگە مەدھىيە ئوقۇمىغىنى،
يۈرەكنى غىدىقلىغۇچى ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن تەس-
ۋىرلىمىگىنى يوق دېيەرلىك. دۇنيادىكى بارلىق خەلق-
لەردە گۈلنىڭ ئەنە شۇ خىسلەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر
خىل ژانىردىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى
ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. گەرچە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ
ئەنئەنىۋى ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدە مۇئەييەن
پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن گۈلگە بولغان ئەقىدە - ئېتى-
قادلىرىدا بىر ئورتاقلىق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئۇي-
غۇرلار ئارىسىدا «قىزىلگۈل بېھىشتىن چىققان» دېگەن
سۆز بار. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار قىزىلگۈلنى ھەممە گۈل-
لەردىن ئەتىۋارلىق بىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇپ
«جەننەتنىڭ مۆجىزىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئالايلۇق،
ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ئەنئەنىۋى قارىشىدا قىزىلگۈل
ياشلىقنىڭ، غەلىبە ۋە شادلىقنىڭ، ساپلىق ۋە قۇتلۇق-
لۇقنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. شۇڭا ئۇيغۇر فولكلورى ۋە
يازما ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن مەشۇ-
قىنى قىزىلگۈلگە ئوخشىتىدۇ، يار ۋىسالىغا يېتىش ئار-
زۇسىنى قىزىلگۈل بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە خەلقىمىزنىڭ
گۈلگە بولغان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دەرۋەقە،
گۈلنى سۆيۈش ۋە ئۇلۇغلاش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئور-
تاق ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، تارىختىن بۇيان دۇنيادىكى
ھەرقايسى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ گۈلگە بولغان ئېتىقادىنى
ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەپ كەلدى.

قەدىمكى يۇنانلىقلار قىزىلگۈلگە ئوخشاش خۇش
پۇراق گۈللەرنى ئىنتايىن ئەتىۋارلىغان. ئۇلار گۈللەرنى
ئولۇمپۇس تېغىدىكى گۈزەللىك خۇداسى ئافىنا ياراتقان،
دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. مۇشۇ ئېتىقاد تۈپەيلى، ئۇلار ئۇ-
رۇشتىن غەلىبە بىلەن قايتقان جەڭچىلەرنى گۈل بىلەن
قارشى ئالىدۇ، مەقبەرىلەرنى ھەر خىل گۈللەر بىلەن
بېزەيدۇ، مۇقەددەس ئولۇمپۇس تېغىدىكى خۇدالارنىڭ
ھەيكەللىرىگە گۈل قويۇش مۇراسىمى ئاجايىپ تەنتەنى-
لىك ئۆتكۈزۈلىدۇ.

گۈلگە سېغىنىش ئادىتى يۇنان ئىستىلاسى دەۋرىدە
رىملىقلارنىڭ ئارىسىغىمۇ چوڭقۇر سىڭگەن. قەدىمكى
رىم ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە گۈلنى سۆيۈش يۈكسەك
ئەخلاق مىزانى ھېسابلانغان ھەمدە ھەممىدىن گۈزەل
زىبۇزىنىنەت بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇ زامانىنىڭ

2008.5

ئىمپېراتورلىرى ۋە زادىكانلىرى ئادەتتە گۈل چەمبەرەككە ئورۇلۇپ يۈرۈشكەن، ئىبادەت شەكلىدە گۈل سۈيىگە چۆمۈلۈشكەن. نەتىجىدە گۈل قەھەتچىلىكى يۈز بېرىپ، ئىمپېراتور دۆلەتتىكى بارلىق تېرىلغۇ يەرلەرگە گۈل تېرىپ ئۆستۈرۈشنى بۇيرۇق قىلغان. بۇ ھالەتتىن تەشۋىشلەنگەن ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر بىر تەنقىدچىسى: «... مىسىرلىقلار بىزگە ئاشلىق ئەۋەتىڭلار، بىز بۇنىڭ بەدىلىگە گۈل ئەۋەتىمىز» دەپ كىنايىلىق ئىنزھار قىلغانىدى.

ھىندىستانلىقلار ئەتىرگۈلنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. ئۇنى بارلىق گۈللەرنىڭ مەلىكىسى، ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە قىلغان ئېھسانى، دەپ بىلىشىدۇ. قەدىمكى ھىندى ئەپسانىلىرىدە ھېكايە قىلىنىشىچە، جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل ساھىبجامالالارنىڭ ساھىبجامالى بولغان لاكشىم ئىسىملىك مەئبۇدە ئەتىرگۈلدىن پەيدا بولغانمىش. مۇشۇ ئېتىقادتىن ھىندىلاردا ئەتىرگۈلنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى بارلىققا كەلگەن. ئادەتتە ھىندىلارنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرى، جامائەت ئەربابلىرى بويۇنلىرىغا ئەتىرگۈلدىن ياسالغان گۈل چەمبىرەكلەرنى ئېسىۋالىدۇ، ئەزىز مېھمانلار كەلسە ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغىمۇ گۈل چەمبىرەك ئېسىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىراندىمۇ ئەتىرگۈل مەستانىلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئىراندىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىدىن تارتىپ شەھەر ـ مەيدانلىرىغىچە ئەتىرگۈل بىلەن قاپلانغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ دۆلەتنىڭ كۆپلىگەن يەر ـ جاي ئىسىملىرى گۈل ناملىرى بىلەن باغلانغان.

بۇلغارىيە ئەتىرگۈلى دۇنيادا ئەڭ خۇش پۇراق، ئەتىۋارلىق گۈل ھېسابلىنىدۇ. بۇلغارلار ئۇنى «دەمەشق گۈلى» دەپ ئاتىشىدۇ. چۈنكى، بۇ گۈلنىڭ 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېقىن شەرقتىن كەلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. بۇ گۈل بۇلغارىيىنىڭ ئىقلىمىغا تولىمۇ ماس كەلگەچكە، ئەتىرگۈل بۇ ئەلنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئەتىرگۈلدىن ئەلا سۈپەتلىك گۈل شارابى ئىشلەشتە بۇلغارىيە دۇنيادا 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

ياپونىيىدە خىرىزانتېما گۈلى (ئالتۇنگۈل) ئەڭ ئەتىۋارلىق گۈل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ياپونىيىنىڭ ھەربىي بايرىقىغىمۇ شۇ گۈلنىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن. دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئوردېنىمۇ «خىرىزانتېما ئوردېنى» دەپ ئاتالغان. بۇ گۈل ياپونىيىدە قۇياشنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ياپونىيىنىڭ ئىناۋەتلىك بايراملىرىدىن بىرى شۇ گۈل شەرىپىگە بېغىشلانغان «خىرىزانتېما بايرىمى»دۇر. بۇ بايرام ياپونىيىدە ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئەنئەنىگە ئايلانغان. ياپونىيىلىكلەر «خىرىزانتېما بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيلەر ۋە كوچىلارنى گۈللەر بىلەن بېزەيدۇ ھەمدە ئەتراپى گۈل بىلەن پۈركەنگەن قولۋاق ـ قېيىقلاردا ئولتۇرۇپ سەيلە قىلىشىدۇ، تولۇپ تاشقان شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ناخشا ئېيتىشىدۇ.

پارىژلىقلار بولسا مەرۋايىت گۈلنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشىدۇ. ماي ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى شەھەرلىكلەر مەرۋايىت گۈلدەك ياسىنىشىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىشىدۇ. ئاشۇ مەزگىل «مەرۋايىت گۈلى كۈنى» بولۇپ، پارىژلىقلار بۇ كۈننى زور تەنتەنە بىلەن قۇتلۇقلىشىدۇ. «مەرۋايىت گۈلى كۈنى» دە ھېچقانداق كىشى كوچىغا گۈلسىز چىقىشمايدۇ.

فرانسۇزلاردا مەرۋايىت گۈلى مۇھەببەت تىمسالى بولۇپ، ئۇ ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكەن قىز ـ يىگىتلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشتۇرىدىغان مۇھەببەت رىشتىسىدۇر.

ئىسپانىيىلىكلەرمۇ قىزىل رەڭلىك چىنە گۈلنى مۇھەببەت تىمسالى، دەپ بىلىدۇ. بىر ـ بىرىنى سۆيگەن ئىسپان قىز ـ يىگىتلىرىنىڭ يۈرىكى چىنەگۈل ئارقىلىق باغلىنىدۇ ۋە سىردىشىدۇ.

روسىيىدە، رۇسلارنىڭ ئۆزئارا گۈل سوۋغا قىلىشى ئىنتايىن ئومۇملاشقان. توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايرام، مۇراسىم ـ يىغىلىش ۋە مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدىمۇ گۈل ئېلىپ بېرىش مەدەنىي ئادەتكە ئايلانغان. دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش رۇسلاردا گۈل كۆپىنچە ئاياللارغا تەقدىم قىلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ ئۆزبېكىستان قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان «گۈل ماكانى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ يەردە ئۆسىدىغان گۈلنىڭ تۈرى 1000دىن ئاشىدۇ. بۇ رايوندا قەدىمدىن تارتىپ «گۈلسۇرۇخ بايرىمى» تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزبېكىستاندا بۇ ئەنئەنىۋى «گۈل بايرىمى» يېڭىچە مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلىپ، زامانىۋى بايراملار قاتارىدا

ئالقىشلانماقتا.

قىسقىسى، دۇنيانىڭ قايسى جايىدا بولسۇن، گۈل ئەقىدىسى شۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ گۈلگە بولغان ئېتىقادىدىن ھاسىل بولغان گۈل بايراملىرى كەڭ مەنىدە تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىنى روھلاندۇرۇش تەلپىنىڭ جانلىق ئىنكاسىدۇر.

1985 ـ يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق كەنتى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان جەسەتلەر ھەققىدىكى خۇلاسىگە قاراپ باقايلى: «M2 نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان تۆت جەسەتتىن بىر ئايال، بىر ئەرنىڭ جەستى مۇكەممەل ساقلانغان. جەسەتلەر تەخمىنەن 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئەر جەسەتنىڭ يۈزى يۇمىلاق، قاڭشارلىق، چاچ ـ ساقىلى قوڭۇر، ئىككى چېكىسى ۋە مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز، بۇرۇن ئۈستىنى بويلىتىپ سېرىق رەڭلىك مىنېرال بوياقتا گىرىم قىلىنغان. بولۇپمۇ ئىككى چېكىسى بىلەن مەڭزىگە سىزىلغان يۆگىمەچ شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پۇتىغا تىزىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان گۈل بېسىلغان رەڭدار پايپاق كىيگۈزۈلگەن. ئايال جەسەت قاڭشارلىق، كۆزى يوغان، قوڭۇر چاچلىق بولۇپ، پېشانە، چېكە ۋە مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆزى، بۇرنى، ئېڭەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك مىنېرال بوياقتا گۈللۈك شەكىل چىقىرىپ گىرىم قىلىنغان، پۇتىغا رەڭدار گۈل بېسىلغان كىگىز پايپاق كىيدۈرۈلگەن...M2, M3, M4 نومۇرلۇق قەبرىلەردىن تېپىلغان ئۈرچۈق توپچىسىنىڭ ئۈستى، يۈزى، ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ تۆت گۇرۇپپا يۆگىمەچ گۈل شەكىللىك نۇسخا ناھايىتى نەپىس ئويۇلغان...» بۇلاردىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان 4000 يىللار ئىلگىرىكى يۇڭ توقۇلما كىيىملەر ئىچىدىكى ئەرەنچە تونلارنىڭ تۆۋەنكى پەش، ئېتەكلىرىگىمۇ دولقۇنسىمان يۆگىمەچ گۈل شەكىللىرى توقۇپ چىقىرىلغان، بەزىلىرىگە كەشتىلەنگەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (1989 ـ يىلى 5 ـ ، 6 ـ سان)دا زاغۇنلۇقتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش زامانلاردا كىيىم ـ كېچەكلىرىگە گۈل بېسىش، كەشتىلەش، ھەتتا بەدىنىگە (يۈزىگە) گۈل چېكىشنى ئادەت قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ گۈلنى قەدىمكى بېزەك، پەرداز سۈپىتىدە ئەتۋارلاپلا قالماستىن، بەلكى گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغانلىقى، ئۇنى «گۈل مەدەنىيىتى» دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىنىڭ روشەن ئالامىتى.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئۆچمەي كېلىۋاتقان رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەكلەردىكى خان ـ پادىشاھلار قۇرغان چارباغلارنىڭ «رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، بۇلبۇللار گۈلگە قاراپ نەزمە قىلغان» دەپ تەسۋىرلىنىشى، «گۈل چىرايلىق بولسا كېپىنەك قونۇر» دېگەندەك ئاتىلار سۆزلىرى ... قاتارلىق نۇرغۇن پاكىت ۋە ئەمەلىي مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

گۈلنىڭ يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل قىلغان بۇ خىل ھالەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ سۇژېت موتىفلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادە قىلىنغان.

پايدىلانمىلار:

1.«ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، سەلىمە كامال:«‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى گۈل ـ چېچەكلەر بايانلىرىدىن گۈل مەدەنىيىتىمىزگە بىر نەزەر».

2.«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىل 1 ـ سان.

3. مۇھەممەد شاھنىياز: «ئۇيغۇرلارنىڭ گۈل مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، 2005 ـ يىل 6 ـ سان.

4. ۋاڭ بىڭخۇا:«تۇرپاننىڭ قەدىمكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىل 1 ـ سان.

5. ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 1 ـ نەشرى.


6. ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «مىللىتىم ۋە گۈل»،«جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 1 ـ سان.

7. ئابدۇكېرىم رەھمان: «گۈل ـ ھاياتنىڭ كۆركى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىل 3 ـ سان.

8. گۈلزار ھوشۇر: «رۇسلارنىڭ گۈل سوۋغا قىلىش ئادىتى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلى، 1996 ـ يىل 5 ـ سان.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى لېكتورى (ماگىستىر ئاسپىرانت)

# ناتسىستلار يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ سىرى





2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىستلار گېرمانىيەسى پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا چېكىدىن ئاشقان جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلدى، ئۇلار بىگۇناھ ئاممىنى قالايمىقان قىرغىن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پۇل، بايلىقلىرىنى ھەمدە سەنئەتكە دائىر قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى تالان ـ تاراج قىلدى.

گىتلېر، ئاساسلىق ۋەزىپىسى باشقا دۆلەتلەرنىڭ قىممەتلىك ئاسار ئەتىقىلىرى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى پىلانلىق ھالدا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغان بىر ئالاھىدە قوشۇن تەشكىللەپ، كەڭ كۆلەملىك تالان ـ تاراج بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناتسىستلار ئارمىيىسى قايسى دۆلەتنى ئىشغال قىلسا، بۇ قوشۇندىكى مالىيە خادىملىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاشۇ دۆلەتنىڭ ئالتۇن ھەم چەت ئەل ئاكسىيىلىرىنى، چەت ئەل پېرېۋوت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، بۇ دۆلەتلەردىن سانى كىشىلەرنى تەئەججۈپكە سالىدىغان «ئىشغالىيەت خىراجىتى» يىغىۋالدى؛ ئۇرۇش ئاخىرلاشقان چاغدا ئاشۇ تۈردىكى «ئىشغالىيەت خىراجىتى»دىن يىغىۋالغان كىرىمى 60 مىليارد ماركقا يەتكەندى.

ناتسىستلار گېرمانىيىسى پولشانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق شەخس گېمبىرلىن دەرھال پولشانىڭ بارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىگىلىۋېلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. يېرىم يىلدىن كېيىن «بۇ مەملىكەتتىكى بارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق يىغىۋېلىندى». گېرمانىيە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بىر پارچە مەخپىي دوكلاتىدا «1944 ـ يىلى 7 ـ ئايغا قەدەر 137 قېتىم يۈك پويىزى ئىشقا سېلىنىپ، غەربىي ياۋروپادىن گېرمانىيەگە جەمئىي 4714 ۋاگون، 20 مىڭ 973 پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توشۇپ كېلىنگەن؛ بۇنىڭ ئىچىدە يالغۇز رەسىم سەنئىتىگە ئائىت يادىكارلىقلار 10 مىڭ 890 پارچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى مەشھۇر رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرى ئىدى. گېمبىرلىن بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋېلىپ ساقلاپ كەلگەن رەسىملىرىنىڭ قىممىتىلا 50 مىليون ماركقا يەتكەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنياغا داڭلىق رەسىملەردىن 500 پارچە، ئۇنچە ـ مەرۋايىتلاردىن نەقىش قويۇلغان بىباھا بۇيۇملاردىن 160 مىڭ دانە، قەدىمكى داڭدار ئاقسۆڭەكلەر جەمەتىدىن قالغان ئۆي جاھازىلىرىدىن 2400 دانە بار بولۇپ، ئۇنىڭ 1500 پارچىسى دۇنيادا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋار، قىممەتلىك بۇيۇملار بولغاچقا، «بەئەينى بىر مۇزېينىڭ ئۆزى بولۇپ قالغان» دېيىلگەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت خاتىرىگە ئېلىنىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغانلىرى بولۇپ، خاتىرىگە ئېلىنمىغانلىرىنىڭ سانىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتىمۇ قىيىن.

ناتسىستلار يوشۇرغان مەدەنىي بۇيۇملار ھەققىدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى: ئۇلار ئاۋسترىيە چېگرىسى ئىچىدىكى ئالپس تاغلىرىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان، دەپ قارايدۇ. ئىنتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئاختۇرۇش ئەترىتى ئۇ يەردە بىر نەچچە قېتىم ئاختۇرۇش، سۈرۈشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەنمۇ مەشغۇل بولغانىدى. 1945 ـ يىلى بىر نەپەر شۋېتسارىيىلىك يول باشلىغۇچى بۇ ھەقتە توختىلىپ: ئالپس تاغلىرى ئىچىدە كېتىۋېتىپ، ناتسىستلارنىڭ پاچاقلانغان بىر ئايروپىلانىنى ۋە ئۇچقۇچىنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرىنى كۆرگەنىدىم، دېگەنىكەن. ئەسلىي 1943 ـ يىلى ئىككى پۈتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مۇسسولىنىنى ھالاكەت ئاغزىدىن قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن گىتلېر قىممىتى

1 مىليون دوللارغا تەڭ ئالتۇننى ئايروپىلان بىلەن توشۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردۇ؛ ئايروپىلان ئالپىس تاغلىرىنىڭ ئادال چوققىسىغا يېقىنلاشقاندا، تاغقا ئۇسسۇپ يوقاپ كېتىدۇ. بىر بۆلۈك ئادەملەر يول باشلىغۇچىغا ئەگىشىپ ئاشۇ جايغا يېتىپ كەلگەندە، بىر پارچە كۆچمە مۇزنىڭ دەريانىڭ ئاشۇ جايدىكى يۈزىنى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى، ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى، ئالتۇن قاتارلىقلارنىڭ ئىز-دېرىكى قالمىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

1949- يىلى ئاۋستىرىيىلىك ساقچىلار لەندىس ئىسىملىك ئىنتايىن گۇمانلىق بىر ئادەمنى سېزىپ قالىدۇ. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئادەمنىڭ كىيىمىنىڭ ئەستىرىگە بىر پارچە غەلىتە ئەدىيال تىكىپ قويۇلغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىگە ئومۇمىي قىممىتى 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدىغان ئالتۇن، ئالماس، شۋېتسارىيە فرانكى، ئامېرىكا دوللىرى، ئەپيۇن قاتارلىق نەرسىلەر يوشۇرۇلغانىكەن. ئەدىيالغا ئاشۇ دەۋردىكى ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئېس-ئېسچىلار قوشۇنىنىڭ گېنېرالى شتاندفورت فيوربىل ئىمزا قويغان بولۇپ، ئەدىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرۇلۇق لەندىس لام-جىم دېمەي تۇرۇۋېلىپ، جاۋاپ بېرىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئاۋستىرىيە ساقچىلىرى ئۇنىڭدىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئاماللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالىدۇ. بىراق، لەندىس دېگەن بۇ ئادەم قولغا ئېلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

تارىخشۇناس ھارىس بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق كۆرستىدۇ: 1938- يىلى گىتلېر پولشانىڭ گىرومبىر دەرياسى قىرغىقىدىكى كىچىك شەھىرى كەيتېرزەندە «بۆرە ئۇۋىسى» ناملىق بىر قۇرۇلۇشنى سالدۇرىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش يەر يۈزىدىن 20 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا جايلاشقان؛ تۆت ئەتراپىدىكى 80 ئورۇنغا سىرتتىن ئالاھىدە مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى ۋە ئاپشاركا چىشىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن يەر ئاستى مىنا تورى ۋە ھالاكەت بەلۋېغى تەسىس قىلىنغان: ناتسىستلار «بۆرە ئۇۋىسى» نامىدىكى بۇ مۇئەسسەسىنىڭ مۇتلەق مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، قۇرۇلۇشنى تاماملىغان 10 مىڭ نەپەر ئىشچىنى ۋەھشىيلەرچە قىرىپ تاشلىغان. ھەتتا «بۆرە ئۇۋىسى» قۇرۇلۇش سىستېمىسىنى لايىھىلەشكە قاتناشقان بارلىق خادىملارنى «غەربىي گېرمانىيىگە يەتكۈزۈپ قويۇش» باھانىسى بىلەن ئايروپىلانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ مېڭىپ، «يەرگە قونۇش ئارىلىقىدىكى تۇيۇقسىز پارتلاپ كېتىش» ھادىسىسىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ جېنىنى ئامان قويمىغان. ئاتالمىش «بۆرە ئۇۋىسى» ئىچىدە يەنە پۇل بېسىش زاۋۇتى ۋە بانكا قاتارلىق 12 ئورۇن بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە سانى ئىنتايىن كۆپ، ئاڭلىغان ئادەمنىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلار يوشۇرۇپ قويۇلغانىكەن.

ئەپسۇسكى، 2- دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل ۋاقىت ئىچىدە سوۋېتلىكلەر ۋە پولشالىقلار كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇش ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق گىتلېر سالدۇرغان سىرلىق قۇرۇلۇش «بۆرە ئۇۋىسى» نىڭ ئورنىنى تاپالمايدۇ؛ ھەتتا ئاشۇ ھەددى-ھېسابسىز بايلىقلار خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان ھېسابات ئارخىپلىرىنىمۇ قولغا چۈشۈرەلمەيدۇ.

فرانسىيىلىك ئارخېئولوگ ھانىس، تارىخشۇناس ھارىسنىڭ قاراشلىرىنى قۇۋۋەتلەپ: بۇ «بۆرە ئۇۋىسى» كۆپ ساندىكى تارىخچىلار پەرەز قىلغان «گىتلېرنىڭ مەخپىي بايلىقلىرى» قويۇلغان يەر ئاستى ئالتۇن ئامبىرىنىڭ دەل ئۆزىدۇر! دەيدۇ. 1944- يىلى ئاخىر ناتسىستلار گېرمانىيىسى يىمىرىلىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، كېيىنچە قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش خام خىيالىدا بولغان گىتلېر ناتسىستلار گېرمانىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زور مىقداردىكى پۇل، مۈلۈكلىرىنى پىلانلىق ھالدا مۇشۇ جايغا يوشۇرىدۇ. بۇمۇ ئېھتىمال پۈتۈن ياۋروپا تارىخىدا ئۇرۇشتا يېڭىلگەن بىر مىللەتنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆز بايلىقلىرىنى يوشۇرغانلىقىنىڭ پاكىتى بولۇشى مۇمكىن. 1945- يىلى تەخمىنەن 1000غا يېقىن يۈك ئاپتوموبىلى گېرمانىيە بانكىسىنىڭ مال-مۈلكىنى يۆتكەش ۋەزىپىسىنى بېجىردى. بۇ مال-مۈلۈكلەرنىڭ شۇ چاغدىكى تەخمىنىي باھاسى 350 مىليارد فرانسىيە فرانكى ئىكەن. ئۇنىڭدىن سىرت زور بىر تۈركۈم زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، نوكچا ئالتۇن، ياقۇت، ئاز تېپىلىدىغان قىممەت باھالىق سەنئەت يادىكارلىقلىرى، شۇنىڭدەك ناتسىست كاتتىۋاشلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى، چېركاۋ مۈلۈكلىرى ۋە ئىتالىيە، يۇگوسلاۋىيە، گرېتسىيە، چېخىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن بۇلاپ كېلىنگەن بايلىقلارمۇ ئېنىقلانغان بولۇپ، ئومۇمىي قىممىتى 700 مىليارد فرانسىيە فرانكىغا تەڭ ئىكەن.

ھەربىي تەرەپ ئىچكى خەۋەرلىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە،

2008.5

ئىنتىپاقداش ئارمىيە ئۆز ۋاقتىدا بىر بايلىق ئىزدەش قىسمى تەشكىللىگەن بولۇپ، بۇ قىسىم بىر تۇز كېنى ئىچىدىن قىممىتى 10 مىليارد فرانكقا يېتىدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەسۋاب، فارفۇر قاچا ـ قۇچا، ھەيكەل، داڭلىق رەسىم قاتارلىق بايلىقلارنى بايقىغان. بىراق، بۇ بايلىقلارنى ناتسىستلار بۇلاپ كەتكەن بايلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلار پەقەت ھەيۋەتلىك مۇزتاغنىڭ بىر تەرىپىلا، خالاس!

1960 ـ يىلى ئىسرائىلىيە ئۆزى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان قالدۇق ناتسىست ئادار ئېرىسماننى (بۇ ئادەمگە كېيىنرەك نۇرنبېرگ خەلقئارالىق سوت تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن) قولغا ئېلىش جەريانىدا، بولىۋيا ئارمۇت ئېگىزلىكىگە جايلاشقان چارۋىچىلىق مەيدانىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان قىممىتى 19 مىليارد فرانكقا تەڭ ماددىي بايلىقلارنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىكى يازمىلارغا ئاساسلانغاندا، 1946 ـ يىلى خورمۇت مەيىېر ۋە لودىۋىچ پېتىر ئىسىملىك ئىككى نەپەر بايلىق ئىزدىگۈچى يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئېلىپ، ئاۋستىرىيە تاغلىق رايونىغا كىرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ جەسىتى باشقىلار تەرىپىدىن تېپىۋېلىنىدۇ. جەسەت ئۇچرىغان جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە بايلىق يوشۇرۇپ قويۇلغان بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۇ يەرگە بارغان كىشىلەر بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئاللىقاچان كولىنىپ، قۇرۇقداپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئېھتىمال يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئىككى نەپەر بايلىق ئىزدىگۈچى قېزىپ چىققان بۇ بايلىقلار باشقىلار تەرىپىدىن خۇپىيانە يۆتكەپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە بۇ جايدا 1952 ـ يىلى ۋە 1953 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى نۆۋەت نۇرغۇن جەسەت ۋە كولاپ قۇرۇقدىۋېتىلگەن سەككىز بايلىق ئۆڭكۈرى بايقىلىدۇ.

ئارخېئولوگ ھانسىنىڭ تەھلىلىچە، بۇ يەردە يۈز بەرگەن بارلىق مەخپىي قەتل قىلىش ۋە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇشلارنىڭ ھەممىسى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، ئاۋستىرىيە ئالپس تاغلىق رايونىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسى ناتسىست زەربىدارلار ئەترىتى تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىنغان ھەم قوغدالغان ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ساقچى تەرەپ بۇ جايلارنى ئاختۇرۇپ بىر نەپەر ناتسىست جىنايەت گۇماندارىنى قولغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدىن ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئىسپىچىلار قىسمىنىڭ گېنېرالى فرولىچىنىڭ تەستىقى يېزىلغان ھېسابات تىزىملىكىنى تېپىۋالىدۇ. تىزىملىككە 6.6 مىليارد شۋېتسارىيە فرانكى، 9.9 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، 14 توننا نوكچا ئالتۇن، 294 دانە ئالماس ۋە سانى نەچچە ئون مىڭدىن ئاشىدىغان سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىق بايلىقلار تەپسىلىي كىرگۈزۈلگەنىكەن. بىراق، ساقچى تەرەپ بۇ جىنايەت گۇماندارىنى قايتا ـ قايتا سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاغزىدىن باشقا بايلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمايدۇ.

تارىخشۇناس ھارىسنىڭ قارىشىچە، ناتسىستلارنىڭ ئاساسلىق بايلىقلىرى بىر نەچچە قېتىم يۆتكىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بەزى ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاۋستىرىيىنىڭ جاشى تەسىن، سارتىسبۇرگ، سارتىس كامېرىك قاتارلىق جايلىرى ئەتراپىغا تارقاق ھالەتتە يوشۇرۇپ قويۇلغانىكەن. ئاساسلىق بايلىقلارنىڭ ئوۋېس ناملىق بىر كىچىك شەھەر ئەتراپىغا يوشۇرۇلغانلىق ئېھتىمالى ئىنتايىن چوڭ ئىمىش. چۈنكى، ئوۋېس شەھىرى ئۇرۇش مەزگىلىدە ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارشىلىق كۆرسەتكەن بازىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ھارىسنىڭ پەرىزىگە ئاساسلانغاندىمۇ قىممىتى 200 مىليون ماركتىن ئارتۇق مال ـ مۈلۈك مۇشۇ جايدا مەخپىي ساقلانغان ئىكەن. بىراق، كۆپ قېتىم تەشكىللەنگەن بايلىق ئىزدەش قىسمىلىرى گۇمانلىق دەپ قارالغان بۇ رايونلاردا ئىزدەش، قېزىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنىكەن. بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خاتا تەھلىل قىلدىنىمۇ ياكى بايلىقلار يوشۇرۇپ قويۇلغان جاينىڭ ئىنتايىن مەخپىي بولغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ھازىرغىچە بۇلاردىن ئېنىق يەكۈن چىقىرىشقا ئىمكانىيەت بولماي كەلدى.

ناتسىستلار ئىلكىدىكى بۇ بايلىقلارنىڭ زادى قەيەرلەرگە يوشۇرۇپ قويۇلغانلىقى ھازىرغا قەدەر يەنىلا ئېچىلمىغان بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا. كېيىنكى ئەۋلادلار بۇلارنى ئىزدەپ تاپالامدۇ ـ يوق، بۇ كەلگۈسىگە باغلىق.

«ئىلىم ـ پەن» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق ئالاھىدە سانى «دۇنيادىكى يېشىلمىگەن سىرلار» ناملىق توپلامدىن مۇھەممەد ئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى



# ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرى توغرىسىدا

بەختىيار ئابدۇساتتار

ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرى تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، مۇزىكا قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن جۇلالىنىپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىلى ئون ئىككى مۇقامى»، «ئىلى ئون ئىككى يۇرۇش خەلق ناخشىلىرى» بىلەن بىر قاتاردىكى ئۈچ چوڭ مۇزىكا ئەگكۈشتىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاھاڭلار قەدىمكى زامانلاردا چالغۇلارنىڭ (ناغرا ـ سۇناي) ئاۋازىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە ياڭراقلىقى بىلەن ھەربىي يۈرۈشلەردە، كېيىنچە ھەر خىل تەنتەنىلىك مۇراسىملار، ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئىشلىتىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىسىنىڭ ئالاھىدە سىمۋولىغا ئايلىنىپ كەلمەكتە.

ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرى ئون ئىككى يۈرۈش بولۇپ، بەزىلەر بۇنى چالغۇ ئەسۋابلىرىدا ئورۇنلىنىدىغان مۇقاملار دەپمۇ ئاتايدۇ. ھازىرغىچىلىك ئېلان قىلىنغان ماقالە، ئۈن لېنتىسى، نوتا كىتابلىرىدا ھەر بىر يۈرۈش ۋە ئاھاڭلارنىڭ ئىسمى، تەرتىپى، چېلىنىشىدا مەلۇم ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. بىز ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا ئۇلار تۆۋەنكىچە ناملاردا ئاتىلىدۇ.

سەنەم، قوش سەنەم، رۇخسارى گۈل، گۈلۈم (گۆدۈم)، مۇشاۋىرەك، سەيلىگاھ، كورت، سەھەر يار، يۆلەن، شدىيان، شادىيانە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرىنىڭ ھەر بىر يۈرۈشى ئۈچتىن ئالتىگىچە پەدىدىن، 12 يۈرۈش جەمئىي 62 پەدىدىن (ئاھاڭدىن) تەركىب تاپقان. ھەر بىر يۈرۈشنىڭ بېشى مۇقەددىمە بىلەن باشلىنىدۇ. مۇقەددىمىسىنىڭ ئاھاڭى قىسقا بولۇپ، ئادەتتە ئىككى مۇزىكا جۈملىسىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. سۇناي بىلەن ئىختىيارى ئۇداردا ئورۇنلىنىدۇ. ناغرا تەڭكەش قىلىنمايدۇ. مۇقەددىمىدىن كېيىنكى بىرىنچى ئاھاڭنىڭ ئىسمى شۇ يۈرۈشنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن: «سەنەم» يۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىدىن كېيىنكى بىرىنچى ئاھاڭنىڭ ئىسمىمۇ «سەنەم» دەپ، «مۇشاۋىرەك» يۈرۈشنىڭ بىرىنچى ئاھاڭنىڭ ئىسمىمۇ «مۇشاۋىرەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر بىر يۈرۈش مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە قىسمىغا ئوخشاش «چوڭ سەلىقە»، «كىچىك سەلىقە»، «سەنەم» قاتارلىق ئىسىملار بىلەن بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر پەدىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىسمى بولىدۇ. «چوڭ سەلىقە» بىلەن «كىچىك سەلىقە» خېلى كۆپ يۈرۈشلەردە مەۋجۇت. يۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئاھاڭلاردا «مۇشاۋىرەك»، «پەنجىگاھ» قاتارلىق مۇقام ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ھەر بىر يۈرۈشتىكى «چوڭ سەلىقە»، «كىچىك سەلىقە»، «سەنەم»، «قوش سەنەم»، «يار ـ يار» بۆلەكلىرىنىڭ ئۇدار ئۇرۇلۇشى ئوخشاش بولۇپ، ھەر بىرىگە شۇ خىل ئۇداردىكى ئاھاڭلار

2008.5

سەپلىنىدۇ. ھەر بىر يۇرۇش ۋە پەدە ئىسىملىرى ئىش-
لىتىلگەن ئاھاڭنىڭ نامى بىلەن ياكى مۇقىم ئۇدار شەك-
لىنىڭ قېلىپ نامى (چوڭ نەغمە دىگەندەك) بىلەن ئا-
تىلىدۇ. مۇقەددىمە بىلەن باشلىنىپ چۇشۇرگە بىلەن
ئاخىرلىشىش تۇرپان مۇقامىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوتتۇ-
رىدىكى ئاھاڭلار ئۇزاق بولۇپ سۇرئىتى تېز، جانلىق،
قىزغىن تېمپىدىكى ئۇسسۇللۇق ئاھاڭلاردىن تۈزۈلىدۇ.
سورۇننىڭ ئېھتىياجى ياكى چالغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى
بويىچە ئاھاڭلار قايتىلىنىپ چېلىنىۋېرىدۇ. ھەر بىر پە-
دىگە چېلىنىدىغان مەخسۇس ئاھاڭلاردىن باشقا، خەلق
ناخشىلىرىدىن ئۆزگەرتىلگەن ئاھاڭلار ۋە ئون ئىككى
مۇقامدىن ئېلىنغان ئاھاڭلارمۇ ئۇچرايدۇ. چۇشۇرگە
قىسمى ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، سۇرئىتى بارغانسېرى
ئاستىلاپ ئاخىرلىشىدۇ.

ئورۇنداشقا ئىشلىتىلىدىغان چالغۇلار ئۈچ جۈپ
ناغرا، بىر دۇمباق، بىر سۇناي، ئىككى كانايدىن تەر-
كىب تاپىدۇ (كاناي يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىستېمال-
دىن قالدى). ئۈچ جۈپ ناغرا ــــ باش ناغرا، ئوتتۇرا
ناغرا، ئاياق ناغرا دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. ھەر
بىر جۈپ ناغرا ئۆز ئىچىدىن زىل، بوم دەپ ئىككىگە
ئايرىلىدۇ. بوم ناغرا بىلەن زىل ناغرا ئۆزئارا ساپ تۆت
ياكى بەش گرادۇس ئارىلىق بويىچە تەڭشىلىدۇ. دۇمباق
ساپ سەككىز گرادۇس ئارىلىق بويىچە تەڭشىلىپ،
ناغرىلارنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئاۋاز چىقىرىشى بىلەن
تەبىئىي ئاددىي ئوركېستىر شەكىللىنىدۇ. ناغرىلارنىڭ
ئىچىدە باش ناغرا ئەڭ مۇھىم بولۇپ، ئەڭ ئۇستا
چالغۇچى تاللىنىدۇ. باش ناغرىچى ئاساسىي تېمپا ئاسا-
سىدا ئۆز ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، بەزى نەغمىلەردە
زىل ناغرىنى چوكا ئوينىتىپ مەرغۇللاتسا، بەزىلىرىدە
بوم ناغرىنى چوكا ئوينىتىپ مەرغۇللىتىدۇ. ناغرىنىڭ
ئوتتۇرا، چەت، گىرۋەك قىسىملىرىغا چوكا ئۇرۇپ ئاۋاز
تۈسىنى بېيىتىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا ناغرا بىلەن ئاياق
ناغرا ھەر بىر ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسىي ئۇدارىنى (داپ
تەكتىنى) باشتىن ئاياغ قايتىلاپ چېلىپ تۇرىدۇ. دۇمباق
ھەر بىر تاكتىنىڭ قاتتىق ئۇدارىنى بىر ياكى ئىككى
قېتىم ئۇرۇپ، ئاھاڭنىڭ قاتتىق ئۇدارىنى كۈچەيتىش
بىلەن بىرگە، ئاھاڭ رىتىمىنىڭ باشتىن ئاياغ تۇراقلىق
بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. كاناي ئاۋازىنىڭ بوم،
ھەيۋەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇزۇن ـ -
قىسقا ئاۋاز چىقىرىپ، سورۇن كەيپىياتىنى كۆتۈرۈشتە
ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئۇ ھەر بىر پەدىنىڭ يۆتكىلىش
ئارىلىقلىرىدا چېلىنىدۇ. ھەر بىر يۇرۇشتە سۇنايىنىڭ
ئىشلىتىلىشى ئوخشىمايدۇ. بەزى پەدىلەردە سۇناي
باشتىن ئاياغ چېلىنسا، بەزىلىرىدە ئىككى ياكى ئۈچ
جۈملە چېلىنىپ قالغان قىسمى ناغرا ـ دۇمباق بىلەن
ئورۇنلىنىدۇ. بەزىلىرىدە ئالدىدا ناغرا ـ دۇمباق چېلى-
نىپ ئاخىرقى قىسىملىرىدا سۇناي قوشۇلىدۇ. بەزى يۇ-
رۇشلەرنىڭ بىر نەچچە پەدىلىرىدە سۇناي پەقەتلا
ئىشلەنمەيدۇ. باشتىن ئاخىر ناغرا ـ دۇمباق بىلەنلا ئو-
رۇنلىنىدۇ.

ئېيتىلىشچە، بۇرۇن ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرى
ھەر بىر سورۇن، مەيدان بويىچە چېلىنغان. مەسىلەن:
ھېيت كۈنلىرى «شادىيانە» يۇرۇشى، سەيلە كۈنلىرى
«سەيلىگاھ» يۇرۇشى، جەڭلەردە، شىكارلاردا «گۇ-
دۇم» (گۈلۈم) يۇرۇشى چېلىنغان. ھەر خىل بايرام،
توي ـ تۆكۈن يىغىلىشلاردا بۇ ئاھاڭلار خەلقىمىزگە
جەڭگىۋارلىق، خۇشاللىق، تەنتەنە ئاتا قىلىپ كەلگەن.

لېكىن ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرى ئۇستىدە ئې-
لىپ بېرىلغان توپلاش، قېزىش، تەتقىق قىلىش ئىشلى-
رىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، يېقىنقى يىللاردىكى چېلى-
نىش سورۇننىڭ تارىيىشى، ناغرا ئۇستىلىرىنىڭ ئالەم-
دىن ئۆتۈشى، شاگىرت تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىل-
مىگەنلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئاھاڭلارنىڭ يوقىلى-
شى ۋە چالغۇچىلارنىڭ شىددەت بىلەن ئازىيىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بەزى تەتقىقاتچىلار ئىلى ناغ-
را ـ سۇناي پەدىلىرىنىڭ تارىخىنى ئون ئىككى مۇ-
قامدىنمۇ قەدىمىي بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قى-
لىشماقتا. ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرىنىڭ يۇرۇش
سانىنىڭ ئون ئىككى بولۇشى، تەركىبىدىكى ئاھاڭ
ئىسىملىرىدا «مۇشاۋرەك»، «پەنجىگاھ»، «رۇخسا-
رى» قاتارلىق مۇقام ناملىرىنىڭ بولۇشى، «سەنەم»،
«چوڭ سەلىقە»، «كىچىك سەلىقە» قاتارلىق بۆلەك-
لەرگە بۆلۈنۈشى بىزگە مۇقام تۈرىنىڭ ئىلى رايونىدا
خېلى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ھەم ئىلى مۇقاملىرىنىڭ يىل دەۋرىنى ھازىرقى يېڭىلىك بىلەن ئېيتىلىۋاتقان يېقىنقى دەۋردىن خېلى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى سۈرۈشىمىزدە مۇھىم پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ، ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرىنى تۇرپان ۋە قەشقەر ناغرا پەدىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن ئىسىم، سان قۇرۇلما، ئۇدار، كۈيشۇناسلىق، ئاھاڭلار بويىچە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ـــ ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتىدا بىر بوشلۇق ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ جەھەتتىن تارماقلارنىڭ ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرىنى توپلاش، قېزىش، تەتقىق قىلىش، شاگىرت تەربىيىلەش ئىشلىرىغا مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىشىنى، كەسپىي چالغۇچىلارنىڭ ئورۇندىشى بىلەن ئۈن ـ سىنگە ئېلىش، ئۆلچەملىك نوتا كىتابىنى ئېلان قىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى سورايمىز.

## قوشۇمچە: ئىلى ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرىنىڭ ئاھاڭ كۆرسەتكۈچى

| پەدە ئىسمى | ئاھاڭ ئىسىملىرى |
|---|---|
| سەنەم | مۇقەددىمە، سەنەم، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، چۈشۈرگە |
| قوش سەنەم | مۇقەددىمە، قوش سەنەم، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، چۈشۈرگە |
| رۇخسارى | مۇقەددىمە، رۇخسارى، پەنجىگاھ، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، چۈشۈرگە |
| رۇخسارىگۈل | مۇقەددىمە، رۇخسارىگۈل، گۈليار، كىچىك سەلىقە چۈشۈرگە |
| گۈلۈم (گۈدۈم) | مۇقەددىمە، گۈلۈم، پەنجىگاھ، چوڭ سەلىقە كىچىك سەلىقە، چۈشۈرگە |
| مۇشاۋىرەك | مۇقەددىمە، مۇشاۋىرەك، قوش سەنەم، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، چۈشۈرگە |
| سەيلىگاھ | مۇقەددىمە، سەيلىگاھ، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، چۈشۈرگە |
| كورت | مۇقەددىمە كورت، گۈزەليار، يار ـ يار، كىچىك سەلىقە، چۈشۈرگە |
| سەھەر يار | مۇقەددىمە، سەھەر يار، مۇشاۋىرەك، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە چۈشۈرگە |
| يۆلەن | مۇقەددىمە، يۆلەن، يار ـ يار كىچىك سەلىقە چۈشۈرگە |
| شىديان | مۇقەددىمە، شىديان، شادىيانە، چۈشۈرگە |
| شادىيانە | مۇقەددىمە، شادىيانە، چۈشۈرگە |

پايدىلانغان ماتېرىياللار
1. ئىمىن ئىبراھىم: «ناغرا توغرىسىدا»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىلى 1 ـ سان.
2. پەتتارجان ئابدۇللا: «ناغرا توغرىسىدا»، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1989 ـ يىلى 6 ـ سان.
3. جىئەن چىخۋا: «شىنجاڭ ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرى» سەندۇڭ نەشرىياتچىلىق گۇرۇھى 2002 ـ يىلى نەشرى.
4. «ئۇيغۇر 12 يۈرۈش ناغرا پەدىلىرى» ئۈن لېنتىسى شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا تېخنىكومىدا)

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**


# 3 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى خاتىرىسى



3 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىلمىي مۇ- ھاكىمە يىغىنى 2007 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىن- جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا شىن- جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور، پروفېسسورلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ھەمدە ئىلچى كىيىم ـ كېچەك شىركىتىنىڭ رەھبىري خادىملىرى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن كەلگەن تەتقىقاتچى، ئالىملار قاتناشتى. يىغىندا ئاساسلىقى ئۇيغۇر باش كىيىم- لىرىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنكى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى تە- رەققىيات نىشانى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، تۆۋەندىكىدەك پايدىلىق تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### 1. ئابدۇقەييۇم خوجا

(ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن)



ئاپتونوم رايونىمىز تە- ۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئار- خېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا ئۈچ ـ تۆت مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە كىيىم ـ كېچەكلەر (يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما) جۈملىدىن، ئاجايىپ ئېسىل باش كىيىملەر تېپىل- دى، بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. باش كىيىم مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىشكە توغرا كەلسە مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن ئىزدىنىش كېرەك. مەدەنىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سۈ- رۈشتۈرگەندە ئۇنىڭ تەكتىدىن ئىزدەشكە، ئىپتىدائىي شەكىلدىن باشلاپ ئىزدىنىشكە، جۈملىدىن باش كىيىملەر- نىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئارخېئولوگىيىگە مۇراجە- ئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1) قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى قانداق بولغان؟

2) مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى قانداق بولغان، ئۇلارنىڭ ماتېرىيال تۈرلىرىچۇ؟

3) ھەرقايسى دەۋرلەردە خان ـ خاقان، لەشكەر بې- شى، مەلىكە ـ خانىشلارنىڭ ۋە ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ باش كىيىملىرى قانداق ئىدى؟

4) خاس مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت يەنى دىنىي ئېتىقاد، ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن، مۇراسىم باش كىيىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرى، تۈرلىرى قانداق بولغان؟

5) ئىپتىدائىي ئېتىقاد، توتېمىزم، شامانىزم، جۈملىدىن ھەرقايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ باش كىيىملىرى قانداق بولغان؟

6) جىنس ئايرىمىسى، ياش پەرقى، كەسىپ قۇرۇلمى- سى، مەرتىۋە ۋە باشقا ئامىللارغا قاراپ باش كىيىملەر قانداق بولغان، ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى ۋە تۈرلىرىچۇ؟

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، جۈملىدىن باش كىيىم مەدەنىيىتى رەڭگارەڭ بىر دۇنيا ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان باش كىيىملىرىنىڭ ئىچىدە باشقا تۈرلەرنى قويۇپ تۇرۇپ دوپپىنىڭ ئۆزىنىلا ئالايلى، جەنۇبتىن تارتىپ سانىساق خوتەن، يەكەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دوپپىلىرى (ئەر ـ ئايال، قىز ـ يىگىتنىڭ يەنە پەرقلىنىدۇ)، قەشقەر، ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ دوپپىلىرى، ئاقسۇ، كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ دوپپىلىرى، تۇرپان، توقسۇن، پىچان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دوپپىلىرى، قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ دوپپىلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. 60 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر دوپپىلىرى ھەققىدە بىر مۇنچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى، كىتاب ـ رىسالىلەر يېزىلدى، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ نەقىشلىرى، گۈل نۇسخىلىرى

خەرىتىلىك سۈرەتلىرى بىلەن نەشر قىلىندى. بۇ ھەقتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋە باشقا ساھەدىكى تەتقىقاتچىلار قىممەتلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تارىخ ئوبيېكتىپ نەرسە، شۇڭا تارىخنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىدىن ئەينەن يورۇتۇپ بېرىش، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز ئىگىسىگە ئۆز پېتى يەتكۈزۈپ بېرىش بارلىق تارىخچى، ئارخېئولوگ، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ياراتقان تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە يارىتىلغان بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلار بىزگە يازما يادىكارلىقلار يېشىپ بېرەلمەيدىغان تارىخنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تەتقىقاتچىلار بۇلارنىڭ ئورنى ۋە رولىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. تۆۋەندە مەن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنىڭ ئىچىدىكى باش كىيىملەرگە ئائىتلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن:

ھەممىگە مەلۇمكى، 80 ـ يىللاردىن بۇيان لوپنۇر، تارىم ۋادىلىرىدىن نۇرغۇنلىغان نادىر يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇنىڭ بىرى 1980 ـ يىلى كۆنچى دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان كىروران گۈزىلىنىڭ جەستى بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا گۈل تىكىلگەن ئۈچلۇق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، قالپاقنىڭ سول يېنىغا ئىككى تال قۇش پېيى قىستۇرۇلغان. يەنە بىرى، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ياغاچ تاۋۇتقا سېلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ئايالغا پەي قىستۇرۇلغان قالپاق كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ جەسەتلەرنىڭ يىل دەۋرى ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگەندە تېپىلغان باش كىيىملەرنىڭ تۈرى ئون خىلدىن ئاشىدىغان بولۇپ، ساپ يۇڭ يىپ، كىگىزلەردىن ئىشلەنگەن. دېمەك، مۇشۇ دەۋردە مەخسۇس يىپنى ئېگىرىپ توقۇغان. يەنە ئېسىل تىۋىت، يۇڭ يىپلاردىن تەييارلانغان باش كىيىملەرمۇ تېپىلغان. بۇ باش كىيىملەر قويۇق يەرلىك ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە تېپىلغان بوۋاق جەسەتنىڭ بېشىغىمۇ يۇڭ يىپتىن توقۇلغان پوسما كىيگۈزۈلگەن. بۇ تېپىلمىلارنىڭ ئىچىدە ساكلارنىڭ ئۈچلۈق قالپىقىغا ئوخشايدىغان باش كىيىملەرمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۇنەس ناھىيىسىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان سەركەردىنىڭ قالپىقىنىڭ ئۈچى ئالدىغا ئېگىلگەن بولۇپ، ساكلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

ھازىرقى كۈنلەردە بىزنىڭ يەرلىك، ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە بەزى كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز سەھنە كىيىملىرىدە ئۆز تەرەققىياتىنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە باش كىيىملىرىمىز، بولۇپمۇ كاچۇڭ ئاياللىرىنىڭ قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن چىرايلىق تۇماقلىرى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىلدى. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى كىروران، چەرچەنلەردىن تېپىلغان كىيىم ـ كېچەك نۇسخىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرىمۇ، بېرىلگەن پىكىرلەرمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ باش كىيىملىرى سەھنىلەردە جۇلالىنىپ، ئۆزلىرىگە تولىمۇ ياراشتى، قومۇل ئۇيغۇرلىرى بۇ باش كىيىملەرنى ئەمەلىي تۇرمۇشىدىمۇ كىيىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ھەر قانداق بىر شىركەت ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىشتىن ئىلگىرى بازار ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى، ئىشلەپچىقىرىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن باش قاتۇرىدۇ. مېنىڭچە، كىيىم ـ كېچەكلەرنى، جۈملىدىن، باش كىيىملەرنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرىمىز، بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرىمىز، ئومۇملاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز يۇقىرىقى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەرەپلەرنى ئوبدان ئويلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەن ئىلچى كىيىم ـ كېچەك شىركىتىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىمىز ئاساسىدا تېخىمۇ بازار تاپقان سۈپەتلىك باش كىيىملەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**2. غازى ئەمەت (رەسسام)**



ئىنسانلار ئۈچىسىغا كىيىم كىيگەندىن باشلاپ بېشىغىمۇ كىيىم كىيگەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمۇ مۇنداق تارىخىي تەرەققىياتتىن خالىي ئەمەس. ئادەم تەپەككۇرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىشى بىلەن ئىنسانلار بەدەندە ھەممىدىن مۇھىم بولغان باشنى ئىسسىق ـ سوغۇق، ھۆل ـ يېغىن، بوران ـ چاپقۇندىن ساقلاش ئۈچۈن باش كىيىمنى ئىجاد قىلدى. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باش كىيىملەر پەقەت قوغداش ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەرلىك تۈس، مۇھىم مىللىي ئالاھىدىلىكنى بولۇپمۇ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سىمۋوللۇق بەلگە ھەم زىننەت بۇيۇمى بولۇپ

2008.5

قالدى. جىنس ئايرىمىسى، ياش ـ قۇرامى، ياشاۋاتقان يۇرت، شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ، سالاھىيىتى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، بەدەن قۇرۇلۇشى ۋە رەڭگىروھى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىدىغان باش كىيىملىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر باش كىيىملىرى ئاساسەن تۆت تالا قىلىپ راسلىنىدۇ. ئۇيغۇر باش كىيىملىرى مۇنداق ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ:

1) جىيەك (ئاستىنقى قىسمىغا تۇتۇلىدۇ، 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن قارا بولىدۇ. يىپەكتىن توقۇلغان مەخسۇس جىيەك ئىشلىتىلىدۇ، بەزىلىرىگە دۇخاۋا، مەخمەل ئىشلىتىلىشى مۇمكىن).

2) كېزەك (ئۈچ ـ تۆت سانتىمېتىر كەڭلىكتە بولۇپ بىر ئايلاندۇرۇلىدۇ).

3) تۆپە (يۇمىلاق شەكىلدە بولىدۇ).

دېمەك، ئۇيغۇر باش كىيىملىرى مۇشۇ ئۈچ قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ، ئەمدى مۇشۇنى قاتلىساق تۆت تالا بولىدۇ. مەيلى تۇماقنىڭ تېشى ياكى دوپپا بولسۇن تۆت تەرەپ يەنى تۆت تالادىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. دوپپىنىڭ تۆپىسىگە تۆت بادام، تۆت مامپۇ ياكى تۆت تامغا، تۆت گۈل سېلىنىدۇ. كېزىكىگە تۆت گۈل سېلىنىدۇ. قوشقاندا سەككىز گۈل سېلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن ئۇنىڭغا چوڭقۇر مەنا سىڭدۈرۈلگەن. «تۆت» سانى مەيلى قايسى دۆلەت ياكى مىللەتتە بولسۇن خاسىيەتلىك سان دەپ قارىلىپ كەلدى. مەسىلەن: يەر شارى تۆت تەرەپتىن تۈزۈلگەن، بىر يىل تۆت پەسىلدىن تەركىب تاپقان، ئالەم تۆت تادۇدىن تۈزۈلگەن، بۇددا دىنى تەلىماتىدىمۇ «تۆت» خاسىيەت سان دەپ قارالغان.

## باش كىيىملەر ھەققىدە قىسقىچە بايان

### 1. تۇماق

#### ئەرەنچە تۇماقلار

1) تۈلكە تۇماق: بۇنىڭ سېرىق تۈلكە، ئاق تۈلكە، بوز تۈلكە تۇماق قاتارلىق تۈرلىرى بولۇپ، بۇ تۇماقنىڭ قامىسى چوڭ، ئۈستى قېنىق دۇخاۋىدىن تاشلانغان بولىدۇ. بۇ تۇماقنى بايلار، بەگلەر كىيىدۇ. گەۋدىلىك، بەستلىك ئادەملەر كىيسە بەكرەك يارىشىدۇ، پاكار، ۋىجىك ئادەملەر كىيسە موگۇغا ئوخشاپ قالىدۇ.

2) قارا كۆرپە تۇماق (غۇلجىدا كۆرپە تۇماق دەپمۇ ئاتىلىدۇ): بۇ تۇماق ئاساسەن كۇچا كۆرپىسىدىن تىكىلىدۇ، قامىسى چوڭراق، يۇمىلاق كېلىدۇ. ئۈستى دۇخاۋا ياكى مەخمەلدىن تاشلىنىدۇ. بۇ تۇماق ناھايىتى ئەتىۋارلىق بولۇپ، يۇرتنىڭ نوچىلىرى، يىگىت بېشى كىيىدۇ. باشنىڭ ئالدىغا سەل ئىنتىرىپ قىڭغىرراق كىيىلىدۇ، ئارقا تەرەپتىن ئىچىگە كىيگەن شاپاق دوپپىسى ئازراق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

3) مەخسۇمچە تۇماق: بۇ تۇماقنىڭ قامىسى 3.5 ـ 4 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، سەللە ئوراشقىمۇ بولىدۇ. قومۇل، تۇرپان رايونلىرىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان، تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ كىيەلەيدۇ.

4) سەرپۇش تۇماق: ئىچى پاقلاننىڭ تېرىسىدىن بولىدۇ، پاقلان تېرىسى نېپىز، يۇمران بولغاچقا تۇماق يېنىك بولىدۇ. بۇمۇ دۇخاۋىدىن تاشلىنىدۇ، سەللە ئوراشقا بولىدۇ.

5) ئاتۇش تۇمىقى: قارا كۆرپە تۇماققا ئوخشايدۇ، ئوخشىمايدىغىنى تەننەرخى تۆۋەن. بۇنى يەرلىك كۆرپىدىن تىكىدۇ، سوغۇقتا قاسقىنىنى پەسكە چۈشۈرۈپ قۇلاقنى ياپقىلى بولىدۇ، ئادەتتە قاسقىنى ئۈستىگە قايرىپ قويۇلىدۇ.

6) پەيزاۋات ئاق تۇمىقى: قوينىڭ تېرىسىنى پىششىق ئاشلاپ، يۇمشاق ئەيلەپ تۈكى ئىچىگە قىلىپ تىكىلىدۇ، ئەتراپىغا بىر قولدەك قارا كۆرپە تۇتۇلىدۇ، يۇمران ئاق قوزا تېرىسىدىن جىيەك تۇتۇلىدۇ، زىغزىق تۇتۇلىدۇ، يېنىك، چوڭقۇر كېلىدۇ. سوغۇق بولغاندا باسۇرۇپ پېشانىگە چۈشۈرۈپ كىيىلىدۇ، قۇلاقنى ياپقىلى بولىدۇ. ئىسسىقتا ئۈستىگە سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇلىدۇ. بۇ، خاسىيەتلىك تۇماق ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۇماقنىڭ خاسىيىتى شۇ يەردىكى بۇ تۇماقنى يۇقىرى، تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى كىيىدۇ، ئەمەلدار بىلەن ئادەتتىكى پۇقرا ئارىسىدا ئارىلىق قالمايدۇ، كىشىگە بىر خىل تەڭلىك، ئادىللىق تۇيغۇسى بېرىدۇ، سۆيۈنۈش پەيدا قىلىدۇ. باھاسىمۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەس.

7) يېڭىسار تۇمىقى: بۇ تۇماق جىلك كۇچا كۆرپىسىدىن تىكىلىدۇ. قاسقىنى 25 ـ 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭكىدىن ئېگىز كېلىدۇ. ئادەمنى قەددى قامەتلىك كۆرسىتىدۇ.

8) كەمچەت تۇماق

9) تاشمىلىق تۇمىقى: تاجىك تۇمىقىغا سەل يېقىن كېلىدۇ. تۆپىسى ئىككى خىل رەڭدىن تەركىب تاپقان رەخت بىلەن تاشلىنىدۇ، كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەر كىيىدۇ.

10) سالۋا تۇماق: بۇ تۇماق ھازىر بارغانسېرى يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. تۈركمەنىستان، ئىرانلاردا ئارتىسلار كىيىدىكەن. خوتەننىڭ نىيە، كېرىيە قاتارلىق جايلىرىدا تاغلىق رايونلاردا چارۋىچىلار كىيىدۇ. بۇ تۇماق قىرقىمىغان ئاق پاقلاننىڭ تېرىسىدىن تىكىلىدۇ، موييى لەپىلدەپ تۇرىدۇ. ئاق، قارا رەڭدىكىلىرى بار. دېھقان، چارۋىچىلار كۆپرەك كىيىدۇ.

11) خوتەننىڭ چوڭ تەلپىكى: ئاغزىمۇ، ئۈستىمۇ ئوخشايدۇ، قامىسى ئېگىزرەك كېلىدۇ، ئوتتۇرىدا بىر يولى بار، بۇ بەلكىم يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن.

كېرىيە تەلپىكى: بۇ ئەرلەر كىيىدىغان تەلپەك بولۇپ، يېڭىسار تۇمىقىغا يېقىن كېلىدۇ، لېكىن يېڭىسارنىڭكىدىن پاكارراق. ئاغزى كەڭرەك، ئۈستى تارراق بولىدۇ. ئۈستى

تېشى قىزىل، ئاق، نىلرەڭ، كۆك، ئوچۇقراق رەڭلەردە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئادەتتىكى دېھقان توماقلىرى، دولانچە تۇماق، تۈلكە قۇلاقچا، كافكازچە قۇلاقچا، كۆك قۇلاقچا، باللارنىڭ قۇلاقچىلىرى ۋە بوۋاق باللارنىڭ باش كىيىملىرى بار.

### ئاياللچە تۇماقلار

1) كەمچەت تۇماق: قامىسى چوڭ بولىدۇ، ئەرزانراق بولغانلىرى سۇغۇر، بورسۇق تېرىلىرىدىن تىكىلىدۇ، هازىر سۇ چاشقىنى تېرىسىمۇ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئاق رومالنىڭ ئۈستىگە كىيىلىدۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى سالاپەتلىك كۆرسىتىدۇ.

2) قۇندۇز تۇماق: بۇنى بايلار كىيىدۇ، كەم تېپىلىدۇ. قۇندۇزغا سۇ يۇقمايدۇ، ئوت ئىسسىق كېلىدۇ. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ بار: ئەگەر بىر ئادەم قۇندۇز تېرىسىدىن جۇۋا كىيىپ سىرتتا ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ئادەم مۇزلاپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، جۇۋىلىق ئادەم يېرىم قاتىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، جۇۋىلىق ئادەمنىڭ جۇۋىسىنىڭ پېشىنىڭ ئازراق يېرى يېنىدا ياتقان ئادەمگە تېگىپ قالغان بولسا، ئۇ ئۆلمەسمىش.

### دوپپا

**ئەرلەرنىڭ دوپپىسى** (مېنىڭ بىلىشىمچە ئون خىلدىن ئاشاتتى، هازىر بەش خىلدەكى بار)

1) بادام دوپپا: پىرقىرما بادام، تور بادام، پۆتەي بادام، چۆچۈرە بادام، يەكەن بادىمى قاتارلىق تۈرلىرى بار. يەكەن بادىمىنىڭ ئېگىزرەك بولىدۇ، بادىمى چوڭ بولۇپ، قارا تەگلىكى ئانچە چوڭ ئەمەس، بۇ قاغىلىق، پوسكام، مەكىت تەرەپلەردە كۆپرەك كىيىلىدۇ. بادام دوپپا ئەركەكلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ياندا پۆپۈكى بار، كېزىكى يىپەكتىن توقۇلغان بولۇپ، ئارتۇق يېرىنى پۆپۈك قىلىپ چىقىرىپ قويىدۇ، تولىمۇ يارىشىملىق.

2) مانچىستىر دوپپا: قېنىق قىزىل رەڭلىك دۇخاۋىدىن تىكىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ گۈلى بولىدۇ، لېكىن شوخ ئەمەس، تەكتىدىن سەل پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

3) شاپاق دوپپا: بۇنىڭ يەتتە ـ سەككىز خىل تۈرى بار. مەسىلەن: ئالاقاغا شاپاق دوپپا، يەكەن شاپاق دوپپىسى، يېڭىسار شاپاق دوپپىسى قاتارلىقلار.

4) شەيدايى: سوپى ـ ئىشانلار كىيىدىغان، سەللە ئورايدىغان، چوڭقۇر، ئېگىزرەك كەلگەن مەللە رەڭدىكى دوپپا.

5) كۇلاھ ۋە باشقىلار.

**ئاياللارنىڭ دوپپىسى**

1) گىلەم دوپپا: ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل نۇسخىلىرى ۋە باشقا ھەرخىل نۇسخىلىرى بار. خوتەن، قەشقەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

2) مەمپۇ دوپپا: ئالما ئۇرۇقى مەمپۇ، ئىسلىق يېشىل مەمپۇ، تۇخۇمگۈل مەمپۇ قاتارلىق تۈرلىرى بار.

3) تەتىللا دوپپا: ئالتۇن رەڭدە بولىدۇ، بۇ ئالتۇن كۆزنى ئەسلىتىدۇ. بۇ دوپپا چوڭ سۈپەت بولۇپ، ئاق رومالنىڭ ئۈستىگە كىيسە بەكرەك جۇلالىنىدۇ.

4) ئالتۇن قاداق دوپپا.

5) سۆسۈنرەڭ دوپپا، چاچما گۈللۈك دوپپا، تاجىگۈل دوپپا ۋەھاكازالار.

### 2. قالپاق

قالپاق يالغۇز قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭلا باش كىيىمى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى ھېسابلىنىدۇ. قەشقەر، ئاتۇشلاردا دېھقان ـ چارۋىچىلار كىيىدىغان بىر خىل قالپاق بار، تېگى مەللىرەڭ بولۇپ، قارلىغاچ قانىتىدەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ، كۈن نۇرىنى توسۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى كىيىدىغان قالپاقمۇ بار.

ئۇيغۇر باش كىيىملىرىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە دۇچ كەلگەن كىرىزىس: بۇرۇن بادام دوپپىلارنى تىككەندە پىلتە بېرىپ، قوندۇرۇپ، قېلىپقا ئېلىپ تۈجۈپلەپ تەكەتتى. بىراق هازىر ئۆزگىرىپ كەتتى، كىشىلەر «كىم ئۇنى سىيرىيدۇ، كىم ئۇنىڭغا بىردىن ـ بىردىن پىلتە بېرىدۇ» دەپ شىلىم بىلەن چاپلاپلا، گۈللىرىنى يىپەك بىلەن تىكمەي، رەختلەرنى قىيىپ چاپلاپ، ئاق، قارا قىلىپلا بادام دوپپا دەپ سېتىۋاتىدۇ، ئۆزلىرىمۇ مۇشۇنداق دوپپىلارنى كىيىپ يۈرۈۋاتىدۇ. توي ـ تۆكۈنلەردە مېھمانلارنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا باش كىيىملەرنى كىيىشتىمۇ بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. باش كىيىم كىيگەندە باشقا كىيىملەر بىلەنمۇ ماسلىشىشى، رەڭ تاللىشىپ قالماسلىقى، بەدەن شەكلىگىمۇ ماس كېلىشى كېرەك. باش كىيىم بەك چوڭ بولۇپ كەتسە ئادەم ئىسكەتسىز بولۇپ قالىدۇ. هازىر بىزنىڭ سەھنىلىرىمىزدە ناھايىتى يوغان دوپپىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ دوپپىلار ئادەمنى خاپانباش كۆرسىتىپ، خۇددى بىر تەشتەك گۈلنى باشقا ئېلىپ قويغاندەكلا تۇيغۇ بېرىدىكەن، ھەتتا بۇ دوپپىنىڭ يوغانلىقىنى ئاز دەپ ئۇنىڭغا ئۈنچە ـ مارجانلارنى ئېسىپ ساڭگىلىتىپ چاكىنىلاشتۇرۇپ قويغان، دوپپىلار شۇ دەرىجىدە غەلىتىلىشىپ كەتكەنلىكتىن تاماشىبىنلارنىڭ نەزەرى ئارتىسلارنىڭ ئۆزىگە چۈشمەستىن، ئۇلار كىيگەن غەلىتە دوپپىلارغا چۈشكەن.

دوپپا باشنى ئاسرايدۇ، ئۇ مىللەتنىڭ بەلگىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا هازىر ساياھەتچىلەر خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە سېتىۋالىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ جەھەتتىكى سودا ناھايىتى قىزىپ كەتكەچكە ئۇيغۇر ئاياللىرى تىكىپ بازارغا ئۈلگۈرتەلمىدى، قولدا تىككەندە ۋاقىت جىق كېتىپ تۈزۈك پايدا قالمىغاچقا، هازىر زاۋۇتلاردا كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىلىپ بازارغا سېلىنىۋاتىدۇ.



2008.5

مەن يېڭىلىق يارىتىشقا قارشى ئەمەس، يېڭىلىق يارىتىش كېرەك، ئەمما ئەنئەنىدىن ياتلىشىپ كەتسەك بولمايدۇ، ئەنئەنە ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. ئەمما يېڭىلىق يارىتىمىز دەپلا بىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، بىزگە ماس كەلمەيدىغان باش كىيىملەرنى كىيىۋالساق بولمايدۇ، دەۋر ئوخشىمايدۇ دەپ ئەنئەنىدىن يىراقلاپ كەتسەك تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىڭىكىدە ساقىلى بار بوۋىلىرىمىزنى، ئاق چاچ مومىلىرىمىزنى كۆزگە ئىلمىساق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قارىشى ئىنتايىن كۈچلۈك، كىيىم ئادەمنى چىرايلىق كۆرسىتىشى كېرەك، بەدەن شەكلىگە ماسلىششى كېرەك.

ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنى قوتقۇزۇش، نۇسخىلارنى ساقلاپ قېلىش، نۇسخىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھېچبولمىغاندا مۇزېيلاردا بولسىمۇ ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئەگەر مۇشۇ دەۋردە بۇ ئىشلارنى قىلىپ قويمىساق كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلمەيمىز.

**3. ئىمىن تۇرسۇن**



ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قىشلىق باش كىيىم تەلپەك، يازلىقى قالپاق، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، بۆك (بۆرك) دەپ ئاتىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆرك بولماس» دېگەن ماقال بار بولۇپ، يۇقىرىقى ماقالدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «دىۋان»دا يەنە بۆكنىڭ بىر قانچە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. «دوپپا ـ «تۆپە» دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار باش ۋە پۇتنى ئىسسىق ساقلاشنى تەكىتلەيدۇ ھەمدە باش ۋە ئاياغ كىيىملىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «تۆپىدىن ئۆتكەن سوغۇق تاپانغا ئۆتىدۇ، تاپاندىن ئۆتكەن سوغۇق تۆپىگە ئۆتىدۇ» دېگەن سۆز كەڭ تارقالغان.

تۇماق ئوۋچىلىق دەۋرلىرىدىلا بار ئىدى. تايلور: «ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى يۈز مىڭ يىل دېسەك، ئۇنىڭ 95 مىڭ يىلى بەدەۋىيلىكتە ئۆتكەن» دەپ قارىغان. ئوۋچىلىق دەۋرلىرىدە قارىچۇغا، بۈركۈتلەرنى ئۈركۈپ كەتمىسۇن دەپ تۇماق بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ھازىر تۇماقتىن قۇلاقچا كېلىپ چىقتى.

**دوپپىلارنىڭ تۈرلىرى:**

1) سىدام دوپپا: مەخمەل، دۇخاۋىلار كەشتىلەنمەي سىدام تىكىلىدۇ، قىرسىز كېلىدۇ.

2) كەشتە دوپپا: تىكىلمە، چېكىلمە، بۆرتمە، ئويما، چاپلىما، مەشۇت يىپ بىلەن تىكىلىدۇ.

3) زەر دوپپا: كالۋوتون بېسىلغان دوپپا.

4) قاداق دوپپا: ئۈنچە قاداق، ئالتۇن قاداق، جىيەك قاداق، تۆپە قاداق، كېزەك قاداق قاتارلىقلار.

ساكالارنىڭ ئېگىز قالپاقلىرىنىڭ تۇسى يەكەن، كاچۇڭ ۋە بەزى دولان رايونلىرىنىڭ باش كىيىملىرىدە ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مەلۇم قېلىپلاشقان دوپپا بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ئىلچى كارخانىلىرى باشلامچىلىق قىلىپ باقسا.

**4. ئابدۇرېشىت زۇنۇن**



ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن تەڭرى ۋە پەرىشتىلەرگە يالاڭباش كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ئاياللارنىڭ رومال سېلىشى، ئەرلەرنىڭ ھەرخىل باش كىيىم كىيىشى ئادەتكە ئايلانغان. باش كىيىم ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تەركىب بولۇپ، ئۇنى كىيىش چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. باش كىيىم قەدىمكى دەۋرلەردە «تۆپە» يەنى «بۆرك» دەپمۇ ئاتالغان. بۇنىڭ قىشلىق، يازلىقى بولۇپ قىشلىقى تۇماق، يازلىقى دوپپا دەپ ئاتىلىدۇ. تۇماقلار ھەرخىل بولۇپ، قۇلاقچا، كۇلاھ، قالپاق دەپ؛ دوپپىلار سىدام دوپپا، گۈللۈك دوپپا، گىلەم دوپپا، ئۈنچە دوپپا، قاداق دوپپا، تاجى دوپپا، شاپاق دوپپا دەپ نەچچە تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ياغلىقلار قىشلىق، يازلىق بولۇپ، ئاياللار قىشتا ھەرخىل يۇڭ ياكى تىۋىتتىن توقۇلغان ياغلىق، تەۋىتشال قاتارلىقلارنى، يازدا يىپەك رومال، شايى رومال، گىجىم رومال قاتارلىقلارنى سالىدۇ. ئاياللار قىشتا يەنە ھەرخىل تۇماقلارنىمۇ كىيىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ئەر ـ ئاياللار قىش ـ ياز بىردەك تۇماق كىيىدۇ. باش كىيىمنىڭ باشنى ئىسسىق تۇتۇش، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلاش خۇسۇسىيىتى بار. ئەرلەر ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرىدە كۆپرەك دوپپا كىيىدۇ. ياشانغان ئاياللار ئادەتتە رومال ئۈستىگە ساددىراق گۈل چېكىلگەن دوپپىلارنى قوندۇرۇۋالىدۇ. ياش قىز ـ چوكانلار روماللىق ياكى رومالسىز ھەرخىل رەڭدار دوپپىلارنى كىيىدۇ، ھېيت ـ بايراملاردا تېخىمۇ رەڭدار دوپپىلار بىلەن ياسىنىدۇ. ھازىر ئەرلەر كۆپلىرى ئۆزىنىڭ ياسىنىش ئارزۇسى بويىچە شلەپە كىيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرماقتا. ئاياللارمۇ

ھەرخىل مودا شلەپىلەر بىلەن ياسىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.
ئەجدادلىرىمىز ياراتقان دوپپا ۋە تۇماقلارنىڭ تۈرى 60
خىلدىن كۆپ بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ماتېرى-
ياللىرىنىڭ رەڭگى، ئالاھىدىلىكى، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ
ئىنچىكىلىكى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا 200 خىلدىن ئاش-
ىدىغانلىقى دەلىللەنمەكتە. دوپپا ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان
يالغۇز باش كىيىم قاتارىدىلا ئىشلىتىلمەستىن بەلكى قىز-
ئوغۇل، ئاشىق- مەشۇقلار بىر- بىرىگە تەقدىم قىلىدىغان،
ئەل ئىچىدىكى تۆھپىكارلار، ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتلارغا
ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن ھەرخىل پائالىيەتلەردە تون كىيگۈز-
گەندە قوشۇپ كىيگۈزۈلىدىغان قىممەتلىك سوۋغات بۇيۇ-
مى سۈپىتىدە رول ئوينىماقتا. بۇ ئادەت ھازىر تېخىمۇ تە-
رەققىي قىلىپ دوپپا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن
مېھمانلارغا تەقدىم قىلىنىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئوب-
رازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نەپىس ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇ-
مىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ تۆت تالاسىغا گۈل كەشتە ئىشلەپ
ئۇلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق تۆت قىرلىق يۇمىلاق ئې-
گىزلىق قىلىپ تىكىلگەن يارىشىملىق بادام دوپپا، گىلەم
دوپپا، چىمەن دوپپىلىرىمىز ئۇيغۇر قول ھۈنەر- سەنئىت-
نىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە بىباھا گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى
بولۇپ، مۇزېيلاردىن ئورۇن ئالماقتا.

ئالتۇن قاداق دوپپا: ئۆتمۈشتىن تارتىپ بىر قىسىم
پۇلدار ئاياللار ئالتۇندىن ھەرخىل قاداقلارنى تەييارلاپ
دوپپا كېزىكى ياكى دوپپا تۆپىلىكىگە تۇتۇپ كىيىدىغان
دوپپا بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاياللارلا بۇ دوپپىنى
كىيەلەيتتى ۋە پۇلدارلىقىنى نامايان قىلاتتى. ئارىلىقتا بۇ
دوپپىنى كىيىش ئادىتى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە
ئەگىشىپ ئۇنى يەنە قايتىدىن كىيىدىغان بولدى. بىر قى-
سىم ئاياللار بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باي ئائىلىنىڭ
ئاياللىرى توي- تۆكۈن، ھېيت- بايرام ۋە زىياپەت سو-
رۇنلىرىدا ئالتۇن قاداق دوپپىلارنى كىيىپ ياسىنىدىغان،
ئاپىسىغا ئاتاپ مەخسۇس ئالتۇن قاداق دوپپا تىكتۈرىدى-
غان ئادەت شەكىللەندى.

شاپاق دوپپا: جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ- كىچىك، قې-
رى- ياش ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كىيىدىغان بولۇپ، ئەس-
تەرلەنگەن ئاق خەسنى ئۇششاق سىيرىش ئارقىلىق تى-
كىلىدۇ. تۇماق ئەستىرىنى پاكىز ساقلاش ئۈچۈن تۇماق-
لارنىڭ ئىچىگىمۇ كىيىلىدۇ. بەزىلىرىگە مەشۇت يىپتا بىر
نەچچە تال ساددا گۈل تىكىلىدۇ. شاپاق دوپپا قوغۇن-
تاۋۇزلارنىڭ ئىككى پارچىلانغان شاپىقىغا تەقلىد قىلىپ
ئىجاد قىلىنغان بولۇپ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق.

شلەپە: قالپاق ۋە كولاھ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن
زامانىۋى باش كىيىم بولۇپ يۇڭ، تىۋىت ۋە يۇقىرى خى-
مىيلىك تالالىق بىرىكمىلەرنى پىرىسلاش تېخنىكىسى
ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. چەتتىن كىرگەن ۋە دۆلىتىمىزدە
ئىشلىنىۋاتقان ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەر-
خىل نۇسخىلىق شلەپىلەر يېڭى دەۋر باش كىيىملىرى
سۈپىتىدە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئۇي-
غۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ ئومۇملىشىپ كەلمەكتە. بۇ ئاسا-
سەن ئەتىياز، ياز كۈنلىرىدە كىيىلىدۇ.

دوپپا تىكىش قەدىمدىن تارتىپلا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ
بىلمىسە بولمايدىغان مۇھىم قول ھۈنىرى بولۇپ كەلگەن.
ئۇيغۇرلاردا «كەشتىچىلىك قىلالمايدىغان قىزلار ياتلىق
بولالمايدۇ» دەيدىغان قاراشلار بار. بىراق ھازىر گۈل
كەشتىلىرىنى قولدا ئىشلەشنىڭ ئورنىغا كومپيۇتېردا لايىھ-
لەپ، زامانىۋى ماشىنا- ئۈسكۈنىلەردە ئىشلەيدىغان بولۇپ
كەتتى. كۆپلىگەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇسخىلارنى
شىنجاڭدىن باشقا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كارخانىلارمۇ
ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. شۇڭا ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل
نۇسخىلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرماقتا.
لېكىن، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنى ياخشى چۈشەنمەيدىغان
بەزى كارخانىچىلار ۋە تىجارەتچىلەر پۇل تېپىشنى قوغلى-
شىپ ئۇيغۇر دوپپىلىرى ۋە باشقا كىيىم- كېچەكلەرگە قالا-
يمىقان، ناچار كەشتىلەرنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئەجدادلى-
رىمىز ياراتقان بۇ بايلىقىمىزنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈ-
زۈۋاتىدۇ، ھەتتا بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىز ھەر خىل مە-
رىكىلەردە دىققەتسىزلىكتىنمۇ ياكى باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى-
دىنمۇ ئىنتايىن ناچار، سۈپەتسىز دوپپىلارنى مەرىكىدە
ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەن مېھمانلارغا تەقدىم قىلىۋاتىدۇ.
بەزى ئاياللىرىمىز ئەجنەبىيلەرچە ياسىنىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ
سۈننەت تويلىرىمىزدا سۈننەت تويى بولغان بالا بىر كىيىم
بىلەن توينى ئۆتكۈزسە، ئانىسى بىر نەچچە سائەتلىك زىيا-
پەتنى قىلچىمۇ مىللىي ئالاھىدىلىكى بولمىغان ئىككى- ئۈچ
خىل كىيىم بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بەزى ئاياللار ئالدى پۈ-
تۈن، ئارقىسى ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ.
دۇنيادا ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەۋزەل مەدەنىيەت بايلىقلىرى-
نى، ئۆزگىچە ئۆرپ- ئادەتلىرىنى قەدىرلەش، ۋارىسلىق
قىلىشنى بىلمىگەن مىللەت ھامان دۇنيانىڭ تونۇشى ۋە
چۈشىنىشىدىن چەتتە قالىدۇ، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر
قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ.

4. ئابدۇكېرىم مۇسا (داڭلىق كىيىم لايىھىلىگۈچى)

تەكلىپ: يەكەندە ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان بەقەسەمنى
كارخانا قۇرۇپ قايتىدىن ئىشلەپ چىقارسا، ھازىر لوپ
ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدىمۇ بەقەسەم توقۇلۇۋاتىدۇ.

خاتىرىلىگۈچىلەر: ئابلەت ياسىن، ھەلىمىگۈل ئابلىز، غۇنچەم قادىر

2008.5



# بۆشۈك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ئادەتلىرى

مېھرىگۈل قادىر



پەرزەنتلەرنى جەمئىيەتكە ۋە خەلققە يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەش ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئەقەللىي مەجبۇرىيىتى. پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ، بولۇپمۇ ئانىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا بالزاك «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. پەرزەنتلەرنىڭ قانداق تەربىيىلىنىشى ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنى بەلگىلەپلا قالماي، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭمۇ كېلەچىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇلارنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن كارىل ماركسنىڭ ئېيتقىنىدەك: «تەربىيىلىگۈچى ئالدى بىلەن تەربىيىلەنگەن بولۇشى كېرەك» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش قىلىپ، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، غەمگۈزار ئاتا، مېھرىبان ئانا بولۇپ چىقىشىمىز پەرھىزدۇر. پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى ـ يامان تەربىيىلىنىشى يالغۇز ئۆزىگە ياكى ئائىلىگىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى شۇ مىللەت ۋە شۇ جەمئىيەتكە ئورتاق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا بالا بېقىش ۋە تەربىيىلەش ئادەتلىرى بار. لېكىن، ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئوخشىمىغان ماكان ۋە ئوخشىمىغان شارائىتتا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بالا بېقىش ئادەتلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە مەيدانغا كەلگەن زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ تەسىرىدە بىزنىڭمۇ بەزى ئادەتلىرىمىز يوقىلىش گىردابىغا قاراپ يۈزلەنمەكتە. مىسالغا ئالساق، «ھازىر بىزنىڭ بوۋاقلىرىمىز بۆرە ئوشۇقىدىن پۈتۈلگەن تۇمارنى ئاسمايدىغان، مۇقەددەس قېيىن ياغىچىدىن ياسالغان بۆشۈكلەردە تەۋرەنمەيدىغان، مۇڭلۇق ‹ئەللەي› ناخشىلىرىنى ئاڭلىيالمايدىغان بولدى. بەلكى ماشىنىلاشقان دۇنيانىڭ سۈنئىي تالالىرىدا زاكىلىنىپ، يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان مۇھىتتا ماددىي ئىختىرالارغا پۈتلىشىپ چوڭ بولىدىغان بولدى».

ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنت تەربىيىلەشتە ئەنئەنىگە ئايلانغان تەجرىبىلىرىگە، مول تۇرمۇش بىلىملىرىگە تايىنىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا «بۆشۈك بالىسى ــ خان بالىسى» دېگەندەك ئاتىلار سۆزلىرى، نۇرغۇن ئەللەي قوشاقلىرى بار. مەسىلەن:

قارلۇغۇم قارلۇق سايان،
سەرگەنچۈكۈم سەرۋەك سايان.
زامانىنىڭ دۇشقارىدا،
سەن بىر سايان، مەن بىر سايان.

بۇ قوشاقتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ خېلى قەدىم زامانلاردىلا پەرزەنتلىرىنى بۆشۈك ياكى سەرگەنچۈككە بۆلەپ بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۆشۈك ھەققىدە يەنە مۇنداق رىۋايەتمۇ بار:

«بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى خان ئانىسى تۇركەن خاتۇن ئوغلىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېقىپ تەربىيىلەش ئارزۇسىنى ئوردا ئالىملىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئوردا ئالىملىرى كېڭىشىپ بىرى ئالتۇن بۆشۈك ياسىتىپ بېرىپتۇ. تۇركەن خاتۇن ئالتۇن كوكۇللىق ئوغلىنى ئىككى يىل بۆشۈككە بۆلەپ بېقىپتۇ. ئوغۇل كۈندىن ـ كۈنگە تېمەن چوڭ بوپتۇ. كېيىنچە ئۇ ھەربىي مەشىق، ئىلىم ـ ئېرپان جەھەتتە كامالەتكە يېتىپ ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر بولۇپ، توققۇز يېشىدا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بوپتۇ. ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ ئۇ ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ۋاپات بوپتۇ. تۇركەن خاتۇن ئۆزىنى ئوغلىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ يىغلاپتۇ. باشقىلار ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئانا ئوغلىنى قۇچاقلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەپتۇ. ئوردىدىكى ئاقىللار كېڭىشىپ «ئادىل شاھ»نىڭ ئۈستىخىنى سىغقىدەك بىر كۈمۈش بۆشۈك ياساپ كەپتۇ ـ دە، تۇرگەن خاتۇنغا:

ــ خان ئالىيلىرى ئۆزلىرى ياسىتىپ بەرگەن ئالتۇن بۆشۈكتە يېتىپ چوڭ بولغان، ئۆزىمۇ بۆشۈككە قەۋەتلا



2008.5

ئامراق ئىدى. خانىنىڭ روھى خۇش بولسۇن ئۈچۈن بىر
كۈمۈش بۆشۈك ياساتتۇق، بۆلەپ قويساقمىكىن، ــ دەپتۇ.
تۈركەن خاتۇن ماقۇل بوپتۇ. بالا پادىشاھ كۈمۈش بۆ-
شۈككە بۆلۈنۈپتۇ. كېچەش بويىچە كىشىلەر كۈمۈش بۆ-
شۈك (جىنازا)نى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ
گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا قويۇپتۇ. تۈركەن
خاتۇن ھەر كۈنى دېگىدەك قەبرە بېشىغا بېرىپ بۆشۈك-
نىڭ ياپقۇچىنى قايرىپ ئوغلىنى كۆرۈپ قايتىشنى داۋام
قىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئوغلىنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كې-
تىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۈركەن خاتۇن ئاھ ئۇرۇپ جان
ئۈزۈپتۇ. ئوردا ئەھلى مەسلىھەتلىشىپ شاھزادىنىمۇ، پە-
داكار ئانا تۈركەن خاتۇنىمۇ كۈمۈش بۆشۈككە سېلىپ
قەبرىستانلىققا قويۇشنى ماقۇللىشىپتۇ. بىراق ھەر ئىككىلا
بۆشۈك ئوخشاش بولۇپ قالغاچقا، پەرق ئېتىش ئۈچۈن
تۈركەن خاتۇننىڭ كۈمۈش بۆشۈكنى كۆپ قەۋەتلىك
پەنجىرىنىڭ ئۈستىگە، بالا شاھنىڭ بۆشۈكنى بىر پەنجىر-
لىك قەبرە سۇپىسىنىڭ ئۈستىگە توختىتىپ ئەتراپقا ئارچا
دەرىخى تىكىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ۋاپات بولغان كىشىنى بۆشۈك
سىياقىدىكى جىنازىغا سېلىپ دەپنە قىلغاندىن كېيىن، قەبرە
ئۈستىگە بۆشۈك شەكلىدە گۈمبەز ياساپ قويۇش ئادىتى
بارلىققا كەلگەنمىش.»

بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۆشۈك ئا-
ساسەن شەكىل جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. بەزى جايلاردا
ياسالغان بۆشۈكلەر يەڭگىل، ئەپچىل، سىدام نەقىشسىز
بولىدۇ. مەسىلەن: تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا
ئىسسىق بەك بولغاچقا، ھاۋا كىلىماتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن
تارتىملىق بۆشۈك ئىشلىتىدۇ. بۇ بۆشۈك ئادەتتىكى بۆ-
شۈك بىلەن شەكىل جەھەتتە ئوخشاش، پەقەت بۆلەنچۈك
قىسمىدىكى ياغاچ تاختىنىڭ ئورنىغا قېلىن رەختنى ياكى
بېرزىنت رەختنى جاك ئويۇقچىسى قالدۇرۇپ، بۆشۈككە
دەل كەلتۈرۈپ، گىرۋىكىگە چىداملىق بوغقۇچ تۇتۇپ
تىككەندىن كېيىن شۇ بوغقۇچ بىلەن بۆشۈك جاھازىسىغا
چىڭ تارتىپ چىگىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇنداق بۆشۈك
يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە بالىغا سالقىن، راھەت ئاتا قى-
لىدۇ. يەنە بەزى جايلاردا، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن تە-
رەپتە ياسالغان بۆشۈكلەر ئۇستىكارلارنىڭ قولىدا ئالاھىدە
نەقىشلىنىپ ھەر خىل سىر بىلەن ھەل بېرىلگەچكە بۆشۈك
ئالاھىدە بىر خىل كۆركەم ۋە چىرايلىق تۈسكە كىرىدۇ.
بۆشۈك ياساشتا ئۇستىكارلار ئۇنىڭغا كېرەكلىك ياغاچ
ماتېرىياللارنى ئالدىن تەييارلايدۇ. ئادەتتە قېيىن دەرىخى،
ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ياغاچلىرى خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ.
بىر بۆشۈك ياسىتىلسا، بىر قانچە ئەۋلاد بالىنى بۆلەپ
چوڭ قىلغىلى بولىدۇ. ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقاق، قولۇم ـ
قوشنىلار ئارا ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن
بۆشۈك جابدۇقلىرى يېڭىدىن تەييارلىنىدۇ.

بالا تۇغۇلۇپ قىرقى توشقىچە بولغان ئارىلىقتا بالىنى
بۆشۈككە سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۆشۈككە سې-
لىش بالىنىڭ كىندىكى چۈشكەندىن كېيىن باشلىنىدۇ. بۇ-
نىڭدا «كىندىك ئانىسى»نىڭ قولى يەڭگىل بولسا بەش
كۈندىن، يەتتە كۈنگىچە كىندىك چۈشۈپ بولىدۇ، دەي-
دىغان قاراش بار. بالىنى بۆشۈككە سېلىش خەلقىنىڭ ئۆ-
دۇمىدا بىر خىل ئىرىملىق ئادەت قارىشىنى شەكىللەن-
دۈرگەن. «بۆشۈك ئانىسى» بالىغا تەييارلانغان بۆشۈكنى
قىبلە تەرەپكە قويۇپ، دۇئا ـ تەگبىر قىلغاندىن كېيىن
بۆشۈكنى راسلاشقا باشلايدۇ. تولۇق تەييارلانغان بۆشۈك
جابدۇقلىرى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن،
ئالدى بىلەن بۆشۈكنىڭ ئاستىدىكى ئويۇقچىغا جاك
(كۈلتۈك)نى ئورنىتىدۇ، جاكنىڭ بۆشۈككە تۇتاشقان يۇ-
زىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تىكىلگەن جاك تۇمىقى كىيدۈرۈ-
لىدۇ. ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە 15 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆت
دانە تىز ياستۇقى قويۇلىدۇ. ئۈستىگە بۆشۈكنىڭ چوڭلۇ-

قىغا مۇۋاپىق قىلىپ تىكىلگەن «ئۇدا» (جاكقا ئۇدۇل قىلىپ تۆشۈك قويۇپ تىكىلگەن قېلىن كۆرپە) قويۇلىدۇ. ئۇدىنىڭ ئۈستىگە پاختىلىق كۆرپە (ئىككى پارچە بولىدۇ) سېلىنىدۇ ۋە زاكا بىلەن ئورۇلىدۇ. باش تەرەپكە كىچىك ياستۇق قويۇلىدۇ. ئاستى تەرەپ تەكشى بولغاندىن كېيىن «بۆشۈك ئانىسى» بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ بەدەنلىرىنى سىلاپ تەگبىر ئېيتىپ «بۇ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، بۇۋى پاتىمە ئانامنىڭ قولى، ئۆيقۇمنى ساڭا بەردىم، يىغاڭنى ماڭا بەر، بېشىڭ باش بولسۇن، ئايىغىڭ تاش بولسۇن، كۆل ئالساڭ كۈمۈش بولسۇن، توپا ئالساڭ ئالتۇن بولسۇن، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىنى بەرسۇن» دېگەندەك ياخشى ئارزۇ ـ تىلەكلەر بىلەن ئاۋايلاپ بۆشۈككە سالىدۇ.

بالىنى بۆشۈككە تۇنجى سېلىشمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان ئادەتلەرنىڭ بىرسى. بالا «بۆشۈك ئانىسى» تەرىپىدىن بۆشۈككە سېلىنىدۇ. شۇڭا ئادەتتە كىشىلەر بۆشۈك ئانىسىنى ئۆز جەمەتى ئىچىدىن ياكى قولۇم ـ قوشنىلىرى ئىچىدىن ئۇدۇم ئېلىش مەقسىتىدە كۆپ پەرزەنتلىك بولغان، پەرزەنتلىرى ساق ـ سالامەت، ياخشى تەربىيلەنگەن، نەۋرە ـ چەۋرىلىك بولغان ئەخلاقلىق، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، پاكىز ياشانغان ئانىلار ئىچىدىن تاللاپ بېكىتىدۇ. «بۆشۈك ئانىسى» بالىنى تۈز ياتقۇزۇپ، شۇمەكنى سالغاندىن كېيىن، ئىككى پۇتىنى تۈزلەپ، يۆگەك ياكى زاكا بىلەن ئاياغنى يۆگەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىككى تىزغا «تىزلىق» (تىزغا توغرا كېلىدىغان كىچىك كۆرپىچە) قويۇپ «پۇت تارتقۇ» (بىر سويام كەڭلىكتە ئەستەرلىك قىلىپ شىرىپ تىكىلگەن رەخت، ئۇنىڭ ئۇچىغا باغ بېكىتىلىدۇ) بىلەن چىگىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ قورساق ۋە كۆكرەك قىسمى يۆگەك (ئەديال) بىلەن ئورۇلۇپ ئىككى قولى تەكشى رۇسلاپ ئىككى جەينىكىگە «جەينەكلىك» قويۇپ «قول تارتقۇ» بىلەن تېڭىلىدۇ. ئاندىن بۆشۈك ئۈستىگە دۇخاۋا، كىمخاپ ياكى خاڭدەندىن تىكىلگەن «بۆشۈك ياپقۇ» يېپىلىدۇ. بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە پىچاق ۋە ئەينەك (ئوغۇل بولسا پىچاق، بۆرە ئوشۇقى، قىز بولسا ئەينەك، تاغاق) قىستۇرۇپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار. بالا بۆشۈككە بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن «بۆشۈك ئانىسى» چۈمۈشكە كىچىك بىر تال چوغ ئېلىپ، چوغ ئۈستىگە چاكاندا، ئالما قېقى، ئارچا ياغىچىنىڭ ئۇۋۇندىسى ۋە ئادراسمان بىلەن ئىسرىق سېلىپ بۆشۈك ئۈستىدىن يەتتە ياكى توققۇز قېتىم ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ تۇرۇپ «بالىغا چاپلىشىۋالىدىغان يامان روھ»لارنى قوغلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىلمى بار چوڭلارغا تۇمار پۈتكۈزۈپ (قەغەزگە «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان سۈرىلەرنى كۆچۈرۈپ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە قاتلاپ رەخت ياكى يۇمشاق خۇرۇم ئارىسىغا ئېلىپ تىكىلگەن) تۇمارنى كۆز مۇنچاق بىلەن قوشۇپ بالىنىڭ باش كىيىمىگە تىكىپ قويىدىغان ياكى بۆشۈككە ئېسىپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇنداق ئادەتلەر ئۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، كىچىك بالىلارنى يامان روھلاردىن ساقلاپ، بالايىئاپەتلەردىن يىراق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ يامان كۆز ۋە ئارتۇق سۆزلىرىنى ياندۇرارمىش. قومۇل تاغلىرىدىكى ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئارىسىدا يېڭى تۇغۇلغان بالىنى يۇملاق قىلىپ كېسىلگەن بۆرە ئېغىزىنى قايناق سۇغا چىلاپ چەمبەر شەكىلدە سوزۇپ، بېشىدىن ئايىغىغا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈش ئادىتى ساقلانغان. بۇنداق قىلغاندا بالا ھەرقانداق ئاپەتلەردىن خالىي ساغلام چوڭ بولىدۇ، كەلگۈسىدە باتۇر، قورقماس ئادەم بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. چوڭلارنىڭ بۇ جەھەتتە يەنە ئىرىملايدىغان ئادەتلىرىمۇ بار. مەسىلەن: بۆشۈكنى قۇرۇق تەۋرەتسە، زۇۋال ۋاقتىدا بۆشۈك ۋە بوۋاقنىڭ كىيىمى تالادا قالسا، بۆشۈك ئۈستىدە ئولتۇرسا يامان بولىدۇ، بالىنى «قارا» بېسىپ قالىدۇ دېگەندەك پەرھىز سۆزلىرى بىلەن ئىرىمداپ بۆشۈكنى ئۇلۇغلايدۇ. شۇ نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بۆرە ئوشۇقىدىن تۇمار ئېسىلغان ياغاچ بۆشۈكلەردە يېتىپ بىزگە مۇقەددەس ئۇدۇم ۋە ساپ ئېتىقادلارنى قالدۇرغانلىقى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ بالا بۆشۈككە بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، بۆشۈككە سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىغا ئالدىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر (ھەسەل ياكى ھالۋا سۈرتۈلگەن كىچىك توقاچ، پىرەنىك ۋە كەمپۈت قاتارلىق تاتلىق ـ تۈرۈملار)دىن بىر ئوچۇمدىن بۆشۈك ئاستىدىن قول سوزۇپ «بۆشۈك ئانىسى»غا قاراپ، «بۆشۈك ئانا» دېگەنلەرگە «مانا ساڭا» دەپ بېرىلىدۇ. ئاخىرىدا «بۆشۈك ئانىسى» رازى قىلىنىپ يولغا سېلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بالىنىڭ ئانىسى «بۆشۈك ئانىسى»نىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە بالىسىنى بېقىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا بالا ھەر قېتىم بۆشۈككە بۆلەنگەندە ئانىسىنىڭ بۆشۈكنى يېنىك تەۋرىتىپ مۇڭ بىلەن ئېيتقان ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ:

ئەللەي ئەللەي ئاي بالام،
ئاق شۇڭقاردەك بول بالام.
ئاق شۇڭقاردەك بولمىساڭ،
شوخ تۇلپاردەك بول بالام.

مەن بالامنى بۆلەيمەن،
قۇت بەختىنى تىلەيمەن.

ئامان_ ئېسەن چوڭ بولسا،
ئوبدان يەردىن ئۆيلەيمەن.

ئىپار_ ئەمبەر پۇرايسەن،
ئەللەي دېسەم دورايسەن.
مەندىن نېمە سورايسەن،
ئەللەي بالام ئەللەي،
خۇشاللىقىم، شادلىقىم ئەللەي.

بالا تەۋرىنە_ تەۋرىنە ئەللەي ناخشىسىنىڭ يېقىملىق مۇڭى بىلەن قوشۇلۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدۇ، ئەللەي قوشاقلىرىنىڭ گۈزەل كۈيلىرى بالىنىڭ روھي دۇنياسىغا ئاستا_ ئاستا سىڭىپ كىرىدۇ. بالىنىڭ بۆشۈكتە تەۋرىنىپ تۇرۇپ ئاڭلىغان بۇ قوشاقلىرى ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەڭ دەسلەپ ئاڭلىغان بىرىنچى دەرسىدۇر. ئانا ئېيتقان ئەنە شۇ ئەللەي قوشاقلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى بالىنى ئەڭ دەسلەپكى مۇزىكا سېزىمىغا ئىگە قىلىدۇ ۋە بالىنىڭ ئانا تىلىنىڭ راۋان يېتىلىشىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. مانا شۇنداق رىتىم بويىچە بالىنىڭ قەدەممۇ قەدەم چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا ئائىلىدە قانداق تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك، دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز. خەلقىمىز ئەدەپ_ ئەخلاقنى، قائىدە_ يوسۇننى مۇھىم بىلىدىغان خەلق. پەرزەنت تەربىيىسىدىمۇ ئالدى بىلەن مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى باشقا تەربىيە ھەرگىز باسالمايدۇ. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ سۈپىتى مىللەتنىڭ ساپاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر. پەرزەنتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئائىلە ئەڭ بالدۇر ھەم ئەڭ ئۇزاق تەربىيە ئالىدىغان مەكتەپ. پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ئالتۇن بۆشۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ يادروسى ئۇلاردا ئىنسانىي روھ ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنى ئادىل، سەمىمىي، قەيسەر، تەبىئەتنى سۆيىدىغان، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان ئىجادچانلىققا ئىگە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئائىلە ئەنئەنىسىنى ئەلا بىلىش، ئاتا_ ئانىغا ۋاپادار بولۇپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ۋە كۆيۈنۈش، ئائىلە ئىناقلىقىنى ساقلاش ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە ئائىلە تەربىيىسىدىكى مۇھىم دەستۇرى. شۇڭا بالىلارغا ئەخلاقىي تەربىيىنى سىڭدۈرۈشنى ئائىلە تەربىيىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ھالقا دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ بېقىش تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇ بالا چوڭ قىلىشتا ئۆزىگە خاس ئىلمىيلىككە ھەم كۆپ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە: بىرىنچىدىن، بالىنىڭ ئورنى پاكىز بولىدۇ، بالىنى ھەر قېتىم بۆشۈككە بۆلەشتىن بۇرۇن بۆشۈك كۆرپىلىرى ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. بالىنىڭ ئاستى ھۆل بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال سادىر بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بالا ئۇخلىغاندا ئېچىلىپ قېلىپ، سوغۇق تېگىپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈشىگە پايدىلىق، چۈنكى ئادەمنىڭ بوۋاق مەزگىلى خۇددى يۇمران نوتىغا ئوخشايدۇ. بۆشۈككە بۆلەشتە بالىلارنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، قول، پۇت ۋە بەدەن رۇسلاپ تېڭىلغاچقا جىسمانىي كەمتۈكلۈكنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. لېكىن ھازىرقى زامان ياشلىرىمىز بۆشۈكنىڭ قىممىتىنى سەل چاغلاۋاتقان بولسا كېرەك، ياش ئاتا_ ئانىلار بۆشۈكتە بالا بېقىشنى كونىلىق دەپ قاراۋاتىدۇ. بەزىلەر يەنە بۆشۈكتە ياتقان بالىنىڭ مېڭىسى سىلىكىنىپ دۆت بولۇپ قالىدۇ، دەپ خاتا پەرەز قىلىپ، بالىنىڭ پۇت_ قولى بۆشۈككە مەھكەم باغلاپ قويۇلسا ئەركىن ئۆسەلمەي قالىدۇ دېگەندەك ئىلمىي ئاساسى يوق ھەر خىل ئەندىشىلەردە بولۇۋاتىدۇ. بەزىلەر يەنە ئۇلار خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان دۇنياغا مەشھۇر ئەدىب_ ئالىملىرىمىزنىڭ ئاشۇ مۇقەددەس بۆشۈكتە تەۋرىنىپ، مۇڭلۇق «ئەللەي» ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويغانىمىدۇ. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلادمۇئەۋلاد ئاتا ئۇدۇمى بولۇپ كەلگەن تالاي ئېسىل ئەنئەنە_ ئادەتلىرىمىز شانلىق مەدەنىيىتىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. تەۋەررۈك گۈزەل خىسلەتلىرىمىز بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ كۈچ _ قۇدرىتىنى يوقاتماقتا. ئەسلىدە بار بولغان تەۋەررۈك ئادەتلىرىمىز دۇنياغا مەشھۇر ئالىملىرىمىزنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان شۇ ئۇلۇغ ئاتا_ ئانىلىرىمىزدەك ئۇنتۇلۇپ كەتمىسۇن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① ئەسئەت سۇلايمان «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 _ يىل نەشرى.

② ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 _ يىل نەشرى.


③ ئاتۇش خەلق چۆچەكلەر توپلىمى.

④ كۇچا خەلق قوشاقلار توپلىمى.

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات_ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنىڭ پىشمى

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق



(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## ئالتۇن قان رىۋايىتى

ئوغۇزلار ــ تۈركمەنلەر ھەققىدىكى يۇقىرىقى رىۋايەتكە ئۇلاپلا «ئالتۇن قان» رىۋايىتى بايان قىلىنغان. «ئالتۇن قان رىۋايىتى»دە شۇ خاقانىنىڭ كېيىنكى تاكتىكىسى ۋە زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرى بىلەن شۇ خاقانىنىڭ چارلىغۇچى قوشۇنىنىڭ تۇتۇشۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

«خاقان شۇ» چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ تۈرك ـ تۇران خاقانىنىڭ قەشقەر تەرەپلەرگە چېكىنىپ تۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. قەشقەر دېمەك تۆۋەن چىندۇر. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ، چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ. زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ، توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش «ئالتۇن قان» دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇنخان» دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ. ئاندىن ئوغۇز شەھەرلىرىنى بىنا قىلدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، خاقان «شۇ» قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ. ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان «شۇ» شەھىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ. «بۈگۈنكى كۈندە لەگلەكلەر بۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ».

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بەزى رىۋايەتلەر ئەسلىي بىر پۈتۈن رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن سۆزلەرنى ئىزاھلاش زۆرۈرىيىتىدىن بىر پۈتۈن رىۋايەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. يۇقىرىقى رىۋايەت «ئالتۇن قان» رىۋايىتىنىڭ بىر قىسمى. بىراق ئۇنىڭدا رىۋايەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى يورۇمايدۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر قىسمى باشقا يەردە كېلىپ، زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرى بىلەن تۇران ئەسكەرلىرى كېچىسى قاتتىق ئېلىشىدۇ. بىر تۇران يىگىت زۇلقەرنەيىننىڭ ئەسكىرىدىن بىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىككىگە بۆلۈۋېتىدۇ. ئەتىسى بۇ يەرگە كەلگەندە كۆردىكى، بىر ئەسكەر قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئالتۇن قاچىلانغان ھەميان بولۇپ، ئۇمۇ چېچىلىپ قانغا

مىلنىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىرى بۇ نېمە دەپ سورىسا، يەنە بىرى «ئالتۇن قان» (يەنى قان بولۇپ كەتكەن ئالتۇن) دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ تاغنىڭ ئىسمى «ئالتۇن تاغ»، «ئالتۇنقان» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقى رىۋايەت گەرچە سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە مىسال كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزگە پايدىلىق خېلى مۇھىم ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ.

بىرى، تۈركمەنلەر مىلادىدىن بۇرۇن ئۇزۇن چاچ قويىدىكەن، بۇ خىل ئادەت قاراخانىلار دەۋرىگىچە، يەنى ئىسلامىيەتكىچە داۋاملاشقان. بۇ خىل ئادەت ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويىدىغانلىقى شىنجاڭدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار داۋامىدا بايقالغان جەسەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. «دىۋان»دىمۇ ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلار بار، بۇنىڭدىن بىر ئورتاقلىقنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، «شۇ» خاقان «چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى» دېگەن ئىبارە ۋە «ئۇيغۇرلارغا يېقىن يەردە» دېگەن ئىبارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش. بىز باشتا مۇھاكىمە قىلغاندەك، قەشقەردىن تارتىپ ماچىنغىچە بولغان ئارىلىق «چىن» دەپ ئاتىلاتتى. مەھمۇد قەشقىرى تىلغا ئېلىۋاتقان «چىن» ئۇقۇمىغا قارىغاندا قەشقەر تەرەپلەرگە ۋە ياكى تۇرپان تەرەپلەرگە سۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «چىن» بىلەن «ئۇيغۇر» ئوتتۇرىسىدا نازۇك بىر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، بىز «ئۇيغۇر» ھەققىدىكى رىۋايەت بىلەن «تۈركمەن» ۋە «ئالتۇن قان» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان بولساق، زۇلقەرنەيننى سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان ئالدىن يۈرەر قىسىم دەل «ئۇيغۇرلار»دىن تەشكىل تاپقان ئەسكەرلەر ئىدى. بىراق بۇلار تېخى ئۇ چاغدا «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالمايتتى، شۇ قېتىملىق توقۇنۇشتىن كېيىن ئاندىن «ئۇيغۇر» دېگەن قەبىلە نامى تارىخىي يوسۇندا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

تۆتىنچى، رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا شۇ خاقانىنىڭ يەنە ئەسلىي تۇرۇشلۇق ئورنىغا قايتىپ كېلىپ بالاساغۇن، تىراز، ئىسپىجاب قاتارلىق شەھەرلەرنى ھەم «شۇ» قەلئەسىنى بىنا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىلسىملىق شەھەر قۇرغان. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، 11 ـ ئەسىرلەردە تېخى بۇ شەھەرنىڭ تىلسىملىق خۇسۇسىيىتى يوقالمىغان بولسا كېرەك، شۇڭا بۇنىڭدىن رىۋايەتنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى رىۋايەتتە مەركىزىي ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي قوۋملار يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، قەيسەرلىك ۋە پىداكارلىق بىلەن دانا پادىشاھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىستىلاچى زۇلقەرنەيىنگە قارشى ئېلىپ بارغان قارشىلىق روھى ۋە بۇ روھتىن نامايان بولغان تىنچلىق، خاتىرجەملىككە بولغان ئارزۇسى ۋە تىنچلىقنىڭ ئېلىپ كەلگەن خاسىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

### «مۆچەل» ھەققىدە رىۋايەت

تۈركىي قوۋملارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇلارنىڭ يىللارنىڭ ھېسابىنى قىلىدىغان مۆچەل كالېندارىنى ئىختىرا قىلىپ پايدىلىنىشقا باشلىغانلىقى ئىنسانىيەتنىڭ كالېندارچىلىق تارىخىغا قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى قەدىمكى زامانلاردا بۇرۇنراق ۋاقىتنى كالېندار بويىچە ھېسابلاش دەۋرىگە قەدەم قويغان مىللەتلەر، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭغان مىللەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى كالېندارچىلىق دېگەن يالغۇز يىللارنى، ئايلارنى، كۈنلەرنى خاتىرىلەيدىغان، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم بىر ۋاستە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە شۇ خەلقنىڭ ۋاقىتقا بولغان چۈشەنچىسى، ۋاقىت ئېڭى، ۋاقىت بىلەن ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ بىلىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كالېندار ھېسابى شۇ مىللەتنىڭ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاسترونومىيىلىك بىلىش بولمىسا، كالېندارچىلىقمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بىز قەدىمىي تۈركىي قوۋملارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىغا سەپسالىدىغان بولساق، ئاسترونومىيىلىك بىلىش سەۋىيىسىنىڭ دەۋر ئېتىبارى بىلەن خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى قەدىمىي تۈركىي قوۋملار خېلى قەدىمكى دەۋرلەردە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت ئاساسىدىن بۇرۇچلارنى ھېسابلاش، قۇياشنىڭ يەر بىلەن بولغان قانۇنىيەتلىك دەۋر قىلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر خىل مۇراسىم كۈنلىرىنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ۋاقىتنى توغرا خاتىرىلەپ

2008.5

ماڭغان. 11 ـ ئەسىرلەردە يەرنىڭ شارسىمان ھالەتتە ئىشلەنگىنى ئالەمدىكى پلانېتلار ۋە يۇلتۇزلار قوياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك ئىلمىي بىلىش باسقۇچىغا كىرگەن.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ يىللارنى مۆچەل بىلەن ھېسابلاش ھەققىدىكى تارىخىي ۋەقەلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن رىۋايەتنى خاتىرىلەپ قويغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ كالېندارچىلىق تارىخى، جۈملىدىن تۈركىي قوۋملارنىڭ كالېندارچىلىق تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز ئۈچۈن ياخشى ئۆرنەك كۆرسىتىپ بەردى.

1 ـ توم، 449 ـ بەتتە، بارس (يولۋاس) دېگەن ھايۋان ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ تۈركىي كالېندارى بويىچە 12 مۆچەلنىڭ بىرىنىڭ نامى دەپ، ئارقىدىن قەدىمىي تۈركىي خەلقلەردە مۆچەل بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى رىۋايەتنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان، قەدىمىي شۇنداقلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بالىلارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىم خاتىرىلىك ئىشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بىز رىۋايەتنىڭ باش قىسمىدا تۈرك خانلىرىنىڭ بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىللار بۇرۇن ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ، يىللارنى ھېسابلاپ كۆرگەن. بىراق شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ھېسابلاشتا خاتالاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ئوڭۇشسىزلىقا ئۇچرىساڭ بىر ئەقىل تاپىسەن دېگەندەك، ئۇ پادىشاھتا بىر نازۇك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئويغىنىپتۇ. ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقى بىلەن كېڭىشىپ قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇروجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن» دېگەن. خەلقى خاننىڭ بۇ دانا پىكرىنى «شۇنداق قىلايلى» دەپ ماقۇللاشقان، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ھايۋاننى ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. ئۆزىنى سۇغا ئاتقان ھايۋانلاردىن ئەڭ بۇرۇن قىرغاققا چىققىنىنى مۆچەلنىڭ بىرىنچى يىلى قىلغان. ئەڭ دەسلەپ چاشقان دەريادىن ئۆتكەن، يىل بېشى چاشقاندىن باشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەرتىپ مۇنداق بولغان: 2. ئۇي يىلى، 3. بارس يىلى، 4. توشقان يىلى، 5. لەھەڭ يىلى (تىمساق يىلى)، 6. يىلان يىلى، 7. ئات يىلى، 8. قوي يىلى، 9. مايمۇن يىلى، 10. توخۇ يىلى، 11. ئىت يىلى، 12. توڭگۇز يىلى. مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يىللارنى بېكىتىپتۇ، يىل توڭگۇز يىلىدىن ئۆتكەندە يەنە چاشقان يىلىدىن باشلىنىدىكەن.

بىز يۇقىرىقى مۆچەللىك كالېندارنى قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ قوللانغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بىر تەرەپتىن، مۆچەللىك كالېندار قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ باشقىلاردىن كۆچۈرۈپ كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى بىرى بۇ رىۋايەتنىڭ رېئال ئاساسلىرى ناھايىتى كۈچلۈك، دېتاللىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى ۋە ھاياتىدىن ئېلىنغان، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتى تۈركچە.

ئىككىنچى تەرەپتىن ئالغاندا، مۆچەلنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىلى دەرياسى شاھىد بولغان ۋە بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان شەيئىلەرنىڭ بىرى بولغان. بۇنىڭدىن بىز تېخى يېزىق تارىخىغا ۋە كالېندار تارىخىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى تۈركىي قوۋملار ئۈچۈن ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ياقىلىرىنى مۇھىم ئانا ماكانى ۋە بۆشۈكى بولغانلىقىنى روشەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز.

ئۈچىنچى، مۆچەللىك كالېندارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى بىلەن تارىخنى يېزىق دەۋرىگىچە ئۇلىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى ھېسابلاشنىڭ، شۇنداقلا يېزىق دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىرىنى ھېسابلاش جەھەتتە خېلى ئىلغار مەدەنىيلىككە ئىگە قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز، تۈركىي قوۋملارنىڭ بەزىلىرى ھازىرغىچە مانا مۇشۇ مۆچەللىك كالېندارنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن.

### بۆكە بۇدراچ ھەققىدە رىۋايەت

بۆكە بۇدراچ رىۋايىتى دەل 11 ـ ئەسىردە ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلىك ئاساسىدا تارقالغان ھېكايە. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن دەۋردە مەھمۇد قەشقىرى تېخى ياش، گۆدەك دەۋرلىرى بولسا كېرەك. بۇ رىۋايەتنى بۆكە بۇدراچ بىلەن ئارسلان تېكىن بىلەن بولغان ئېلى دەرياسى ۋادىسىدا بولغان قەبىلىلەر ئارىسىدىكى نىزا ـ توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن بولغان شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئادەمنىڭ بىرىدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «بۆكە بۇدراچ بىلەن بىللە بولغان كاپىرلارنىڭ سانى 700 مىڭ ئىدى ①. 40 مىڭ

ئەسكەرگە ئىگە بولغان ئارسلان تېكىن غازىغا قارشى جەڭدە تەڭرى ئۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.»

مەھمۇد قەشقىرى بايان قىلغان بۇ مەزمۇن رىۋايەت ئەمەس، تارىخ. ئۇ ئاپتورنىڭ بىۋاستە بايانى. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بىكەچ ئارسلان تېكىن ـ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۇسۇپ بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان بولسا كېرەك. «بىكەچ ئارسلان تېكىن» ئۇنىڭ شاھزادە ۋاقتىدىكى ئۇنۋانى. مەلۇمكى، تېكىن سۆزى ئافراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىدىن قالغان ئاتاق نام بولۇپ، ئەسلىي «قۇلىڭىز، چاكىرىڭىز» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. كېيىن شاھزادىلەرگە ئۇنۋان ئورنىدا، يەنى شاھ ئوغلى دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. مەھمۇد قەشقىرى بىكەچ سۆزىنى ئىزاھلاپ: «بىكەچ تېكىنلەرنىڭ لەقىمى»، «بىكەچ ئارسلان تېگىن» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆز يۇمشاق «دە» بىلەن ئېيتىلسا، «بەگ» سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلگەنلىكى بولۇپ، ئامراقلىق ۋە ئەركىلىتىش تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى «ئەمىر» مەنىسىدىكى «بەگ» سۆزىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى يۇمشاق «ك»دۇر. («دىۋان» 1 ـ توم، فاكسىمىل 227 ـ بەت) دەيدۇ. بىكەچ ئارسلان تېكىن ھىجرىيە 423 ـ 448 (مىلادى 1031 ـ 1057) يىللىرى «شەرەفىد دەۋلە» دېگەن ئۇنۋانى بىلەن قاراخانىلارغا خاقان بولغان.

قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز دەۋرىدە خوتەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى، يەتتە سۇ، ئېرتىش بويىدىكى باسمىل، قاي، ياباقۇ قەبىلىلىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرغان. مىلادى 1013 ـ ياكى 1017 ـ يىللىرى قىتانلار ۋە باسمىللاردىن 100 مىڭ ئۆيلۈك جۇڭغارىيە ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان. بۇلارغا قارشى تۇرغان ئەھمەد ئىبنى ۋەلى جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى بەشبالىقچە سۈرۈپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرتىش، ئىمىل ۋادىلىرىدىكى باسمىللار ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىدىكى ياباقۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن قىسمىغا قارشى جەڭ قوزغىغان، ئارسلان تېكىن ئاشۇ باسمىل، ياباقۇلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا نۇسرەت قازىنىپ غازى دەپ ئاتالغان. مەزكۇر ئارسلان تېكىننىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن 1041 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پەرغانىدە ئورنىتىلغان ئەرەبچە خاتىرە تاش ھازىرمۇ «ۋاروخ» يېنىدىكى ئېگىز قىيادا ساقلىنىپ قالغان ②. «بۇدراچ ـ ياباقۇ قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى، بىكەچ ئارسلان تېكىن زامانىدا، بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەن ئىدى» (مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئىزاھاتى).

بۆكە، ئەجدىھا، يوغان دېگەن مەنىدە، ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: يەتتە باشلىق يەل بۆكە ـ يەتتە باشلىق يەل بۆكە (مۆڭگۈز) ياباقۇلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇنداق ئاتىلىدۇ. باتۇر يىگىتلەرگىمۇ شۇنداق نام بېرىلىدۇ. ناھايىتى روشەنكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز تەسۋىرلەنگەن چۆچەكلەر ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ئارىسىدا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بايانىنىڭ داۋامىدا بۆكە بۇدراچلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانلاردىن سورىغان: «كاپىرلار شۇنچە جىق تۇرۇپ نېمىشقا يېڭىلدى» دەپ سورىدىم. ئۇ: «بىزمۇ بۇنىڭغا ئەجەبلەندۇق، بىز مەغلۇپ بولغان كاپىرلاردىن: سىلەر شۇنچە جىق تۇرۇپ نېمىشقا يېڭىلدىڭلار دەپ سورىساق ئۇلار: «جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ، كاناي تارتىلغاندا، باش ئۈستىمىزدە پەلەكنى قاپلاپ كەتكەن بىر يېشىل تاغنى كۆردۇق، بۇ تاغدا سان ـ ساناقسىز ئىشىكلەر بولۇپ، ئۇلار ئوچۇق ئىدى. بۇ ئىشىكلەردىن بىزگە جەھەننەم يالقۇنلىرى ئېتىلاتتى. بىز بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىزنى يەڭدىڭلار» دەپ جاۋاب بەردى، دېدى. مەن بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىدىن ئىكەن دېدىم» 3 ـ توم، 314 ـ بەت).

بۇ رىۋايەتتە ئۆز دەۋرىدىكى رېئال تارىخىي ۋەقەنى تارىخىيلىق ۋە رىۋايەتلىك ئامىللار يۇغۇرۇلغان ئاساستا يۇغۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەن. دىنىي رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار بىلەن «كاپىرلار» ئۇرۇشقاندا مۇسۇلمانلارغا پەرىشتىلەر ياردەم قىلىدۇ، دېيىلگەن. يۇقىرىقى رىۋايەتتە مانا شۇ ئەقىدە ئەكس ئەتكەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۆز دەۋرىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىكى شۇنچە يۇقىرى پەرق ئاستىدا ئارسلان تېگىن غازىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ قىلغان ياردىمىدىن بولغان دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا مەھمۇد قەشقىرىمۇ بۇنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى» دەپ باھا بەرگەن. قانداقلا بولمىسۇن بۇ رىۋايەت ئۆز دەۋرىدىكى قاراخانىلارنىڭ ئېرتىش بويلىرىدىكى باياقۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ رېئال جەريانىنى تەسۋۋۇر

قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان.

### تۇبۇت ھەققىدە رىۋايەت

«دىۋان»نىڭ بىر قانچە يېرىدە تۇبۇتلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. بۇلارنى جەملىگەندە بىر پۈتۈن رىۋايەتنى تەشكىل قىلىدۇ. تىببەتلەر بىلەن قەدىمىي تۈركىي خەلقلەر، خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن قوشنا ياشاپ بىر-بىرىگە تەسىر قىلىشقان. دوستانىمۇ ئۆتكەن ھەم بەزىدە دۈشمەنلىشىپ ئۇرۇشلارمۇ قىلغان. قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى چۈشەنچىسىدە تۇبۇتلار يەمەندىن كەلگەن بىر تائىپە دەپ قارىغان. بەلكىم بۇ تۇبۇتلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەت بولۇشى مۇمكىن. «دىۋان»دىكى تۇبۇتقا دائىر مەلۇماتلارنى تەرتىپلەشتۈرگەندە مۇنداق بىر رىۋايەت نامايان بولىدۇ.

«تۇبۇت تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قەۋم. ئىپار كېيىك شۇلارنىڭ يۇرتىدىن چىقىدۇ. بۇ كېيىكنىڭ كىندىكى كېسىۋېلىنىدۇ. ئەنە شۇ نەرسە كىندىك ئىپار دېيىلىدۇ. «تۇبۇتلار» سابىت ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. بۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ يەردىن (يەمەندىن) بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن. بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالغان، كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى كۆپىيىپ تۈركلەر زېمىنىدىن 1500 پەرسەخ يەر ئالغان. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇب تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەبچىنىڭ تەسىرى بار. «سابىت» سۆزى «تۇبۇت» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان («دىۋان»نىڭ 1-، 3- توملىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن رەتلەندى).

بىز يەر-جاي، قەبىلە ناملىرىنى تونۇشتۇرغاندا «تۇبۇت»نىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئۇلارنىڭ تۈركىي قەۋملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغان. بىز تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇلارنىڭ قەدىمكى «چاڭ»لاردىن تەشكىل تاپقان قەدىمكى قەبىلە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. «يەمەندىن قېچىپ كەتكەن سابىت ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى» دېگەن مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. ئەمدى تۈركلەردىن 1500 پەرسەخ زېمىن سېتىۋالغان دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ تارىخىي رېئاللىققا تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى قەدىمكى تۈركىي قەۋملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى زېمىن سېتىشنى ئىنتايىن ئېغىر ئالاتتى. زېمىن ساتقانلىق ۋەتەن ساتقانلىق دەپ چۈشىنەتتى.

بۇ مەنىدىن ئالغاندا بىز رىۋايەتلەردە ئىپادىلەنگەن بەزى يۈكلىمىلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىسىنەزەرى بىلەن، تارىخىي نۇقتىسىنەزەردىن چىقىپ باھا بېرىپ قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

### «ئۇيغۇر» تەبىرى ھەققىدە رىۋايەت

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسىنى بىلىشى قانداق مۇھىم بولسا، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي نامىنىڭ مەنىسى، ئۆزىنىڭ ئېتنولوگىيىسىنى بىلىشى نەچچە ھەسسە مۇھىم بولغان بىلىش تەلەپلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىختىكى ناھايىتى چوڭ سىياسىي بىرلەشمىنىڭ نامى بولغان «ئۇيغۇر» دېگەن مىللىي نامغا ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى ۋارىسلىق قىلغان. بۇ شاۋكەتلىك نام نۇرغۇن-نۇرغۇن تارىخىي بوران-چاپقۇنلار ئىچىدە تاۋلىنىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ھەر بىر تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان مەنىلەردە ئىزاھلانغان. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «ئۇيغۇر»غا بەرگەن تەبىرى بىزنى بۇ خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ ھەم تارىختىكى ئۇيغۇرغا بېرىلگەن تەبىرلەر ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچلىك، ئىلمىي ئاساسى كۈچلۈك رىۋايەتلىك تەبىردۇر.

«ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام قانداق پەيدا بولغان؟ ئۇ ئۆز ئىچىگە قانداق مەنە ۋە مەزمۇنلارنى يۇغۇرغان؟ بۇ نام قايسى تارىخىي دەۋردىن بېرى قوللىنىلغان؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان خېلى كۆپ كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئىشەنچلىك تارىخىي خاتىرىلەر ساقلانمىغانلىقى ئۈچۈن تېخى بىرەر كۆز قاراشنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇۋېتىشكە ئىمكانىيەت يوق. «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ياردەم بېرەر دېگەن مەقسەتتە ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار ئىچىدە «ئۇيغۇر» تەبىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى بولغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەبىرى ھەققىدە قىسقىچە پىكىر يۈرگۈزىمەن.

I

«ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى مەركەز قىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ۋە تارىخىي نامى. ھەرقانداق مىللەت ۋە قەبىلە ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا بەلگىلىك بىر تارىخىي سەۋەب بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقانداق بىر مىللەت

ياكى قەبىلە نامىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنە ۋە مەزمۇنلىرى بولىدۇ. بىرەر مەنە ۋە مەزمۇننى ئىپادىلىمەيدىغان مىللەت ياكى قەبىلە نامىلىرى بولمايدۇ. بىرەر مىللەتنىڭ نامى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي تامغىسى بولۇپ، ئۇ شۇ خەلقنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، تارىخىي شەكىللىنىش جەريانى ۋە تەرەققىياتى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىق خېلى كۆپ تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىرەر مىللەتنىڭ مىللىي نامىنى تەتقىق قىلىش شۇ مىللەتنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

XI ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى تۈركولوگىيە ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەردىن خېلى كۆپ قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە قەبىلە نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىزدەنگەن ئاپتور. شۇڭا «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇر تەتقىقاتى، جۈملىدىن تۈركولوگىيە ئىلمىي ساھەسى ئۈچۈن يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ بەردى. «دىۋان»دا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ تەبىر بېرىلگەن «ئۇيغۇر» توغرىسىدىكى چۈشەنچە بىزنىڭ «ئۇيغۇر» نامىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مەھمۇد قەشقىرى «ئۇيغۇر» نامىنىڭ قانداق مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ۋە قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن:

ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى ④. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن يۇتۇم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن... زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «ئىنان خۇزخۇرەند ــ بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل «خۇزخور» دەپ ئاتىلىپتۇ ⑤.

يۇقىرىقى بايانلار مەھمۇد قەشقىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ئۇيغۇر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتكە ئاساسەن، ۋاستىلىك ھالدا تەبىر بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئاپتور «خۇزخور»نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى ۋە تۈركىي تىلنىڭ فونېتىكىلىق تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە ئىلمىي يەكۈن چىقارغان.

بىز ئالدى بىلەن شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇزاق يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ شانلىق مېۋىسى. ئۇ، بۇ ئەسىرنى يېزىش ئۈچۈن ئەينى دەۋردە تۈركىي خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ناھايىتى نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلارنى ئارىلاپ ئاجايىپ مول ماتېرىيال توپلىغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەمدە «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ، توپلىغان مول ماتېرىياللىرىنى قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، تاللاش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئوبيېكتىپ رېئاللىققا، ئىلمىي ۋە تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولغان ئۆرنەكلەرنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. ئۆز دەۋرىدە «ئۇيغۇر» ھەققىدە كۆپ خىل رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇشى ۋە ھەرخىل چۈشەندۈرۈلۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەھمۇد قەشقىرى بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيا تارىخىدا ئەڭ چوڭ ۋەقە بولغان زۇلقەرنەيىننىڭ زور كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشى بىلەن باغلانغان «ئۇيغۇر» توغرىسىدىكى رىۋايەتنى تاللاپ ئېلىپ كىرگۈزگەن. بۇ رىۋايەتنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى باشقا چۈشەنچىلەر ئىچىدە ئىلمىي ئاساسى ۋە تارىخىي ئاساسى كۈچلۈك، ئاپتورنىڭ شەخسىي چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئېنىق.

يۇقىرىقى رىۋايەت دۇنيا تارىخىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان، تەسىر دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ، تارىخىي دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردىكى ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ باتۇرانە كۈرىشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. ئاپتور پايدىلانغان بۇ رىۋايەت خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن،

ۋەتىنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، خەلقىنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن قىلغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرىنىڭ خەلق ئاغزىدا ئەسىرلەردىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن تارىخىي داستانى ئىدى. بۇ رىۋايەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇرلۇقى، جەڭگىۋارلىقى قاتارلىق مىللىي خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئەركىنلىك ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلەر ئۈستىگە باسقۇن قىلىپ كەلگەندە، تۈركىي خەلقلەر زۇلقەرنەيىنگە قارشى باتۇرلارچە كۈرەشكەن ۋە ئۇنى خېلى ئېغىر چىقىمدار قىلغان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ باتۇرلۇقىدىن ھەيران قالغان زۇلقەرنەيىن بۇ خەلقنى بويسۇندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىدا ئاجايىپ زور بىر ۋەقە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا زۇلقەرنەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خېلى مۇھىم رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ، تارىخ ئېتىراپ قىلغان ئومۇمىي پاكىت.

رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن بىز ئالدى بىلەن شۇنداق مۇھىم بىر ئىشنى بايقايمىزكى، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرلەردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە تەسىرى خېلى زور بولغان سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن، بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر مۇھىم تەرەپ شۇكى، مەھمۇد قەشقەرى پايدىلانغان رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇر» بىزنىڭ ھازىرقى چۈشەنچىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنى كۆرسىتىدىغان خاس نام ئەمەس ئىدى. ئۇ زۇلقەرنەيىنگە قارشى بىرلىشىپ كۈرەشكەن چوڭ سىياسىي بىرلەشمىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولغان. بىرەر نامنى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان قەبىلە بىرلەشمىسىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە ئومۇمىي نام قىلىپ قوللىنىشى، تارىختا خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. بۇ ھەقتە رادلوف بەزى تارىخىي خاتىرىلەردىكى رىۋايەتتىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان: «ئۇنىڭغا رىۋايەتلەردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بوۋىسى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تاغىلىرى، بۇرادەرلىرى، ھەمشىرىلىرى قاتارلىق بىر مۇنچە تۇغقان ــ جەمەتلىرى بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇرۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ھەمكارلاشتى. بەزىلىرى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن تىز پۈكتى. ئۇ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، زەپەر تويى ئۆتكۈزۈپ ئۆز قوۋملىرىغا، جەمەت ئاقساقاللىرىغا، جەڭچىلەرگە ئىنئام بېرىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بۇ قەبىلىداشلارنىڭ ئورتاق نامىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى. بۇ ئاتالغۇ بىرلەشكەنلەر، ھەمكارلاشقانلار دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاتالغۇنى قەبىلىلەر بىرلىكىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق قوللىنىدىغان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە ئەۋلادلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نامى قىلىدىغان بولدى» ⑥ . يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇن ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تراكمە»دىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا قويۇلغان بولسىمۇ، مەھمۇد قەشقەرى پايدىلانغان رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن خېلى كۆپ جەھەتلەردە پەرقلىق بولسىمۇ، بىراق مۇھىم بىر ئورتاقلىق شۇكى، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئۆز دەۋرىدە خاس بىر قەبىلىنىڭ نامىلا بولماستىن، بەلكى ئۇ بىر سىياسىي بىرلەشمىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دىكى بەزى مەلۇماتلاردىنمۇ روشەن ھېس قىلىش مۇمكىن. ئېپوسنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئوغۇزخان بارلىق تۈركىي خەلقلەرنى بىر بايراق ئاستىغا يىغىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ چوڭ بىرلىشىش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان قەھرىمان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئوغۇزخان بايرىقى ئاستىغا توپلانغان قەبىلە يالغۇز ئۇيغۇر قەبىلىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ناھايىتى كۆپ تۈركىي قەبىلىلەر ئۇيۇشقان. ئوغۇزخان پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تەسىر دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن يات قەبىلىلەر ئۈستىگە زور كۆلەملىك يۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. دەل شۇ پەيتتە تەرەپ ــ تەرەپكە يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئۇ يارلىقىدا: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭ

خاقانى بولۇشۇم كېرەك...» ⑦ دەيدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ يەردە ئوغۇزخان كۆزدە تۇتۇۋاتقان «ئۇيغۇر» ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشقان پۈتۈن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى بولغان. بۇ تىل ئورتاقلىقى مەھمۇد قەشقىرى پايدىلانغان رىۋايەتتىمۇ روشەن سېزىلىپ تۇرىدۇ. رىۋايەتتە «تۈرك» ئاتالغۇسى بىلەن «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى ئوخشاش قوللىنىلغان. «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن»، «زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن». يۇقىرىقى بايانلاردا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خاقانى تۈرك خاقانى دېيىلگەن. دېمەك، بۇ يەردە «ئۇيغۇر» ئۇقۇمى بىلەن تۈرك ئۇقۇمى پەرقلەندۈرۈلمەي ئورتاق قوللىنىلغان.

«ئۇيغۇر» نامىنىڭ خېلى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرگىچە ئومۇمىي نام سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ قەبىلە نامىلىرى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشى بىلەن «ئۇيغۇر» توغرىسىدىكى ئىزاھاتلىرى روشەن ئىپادە قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاپتور «دىۋان»دا تىلغا ئالغان بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامى شۇ قەبىلىلەرنىڭ قەدىمكى بابىلىرىنىڭ نامىغا قويۇلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراق «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام ئۇيغۇرلارنىڭ بابىلىرىنىڭ نامىغا قويۇلغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تارىختىكى مۇھىم سىياسىي ۋەقە بىلەن باغلانغان ئومۇمىي نام بولغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

«ئۇيغۇر» نامىنىڭ كېيىنكى تارىخىي باسقۇچلاردا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خاس نامى بولۇپ قالغانلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭ تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى بار. مىلادىيىدىن كېيىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىر مەزگىل زور بىرلىشىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسا، يەنە بىر مەزگىل بۇ چوڭ گەۋدە بۆلۈنۈپ، پارچىلىنىپ بۆلۈنمە ھالەتتە ياشىغان. بۇ جەرياندا بەزى قەبىلىلەر باشقىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. كىچىك ـ كىچىك بۆلۈنمە خانلىقلار ئومۇمىي نام بولغان «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنى قوللانماي باشقا ـ باشقا نامىلار بىلەن ئاتالغان. بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال XIV، XV ئەسىرلەردە خېلى گەۋدىلىك بولغان. ئۆزئارا قوشۇلۇپ ۋە پارچىلىنىش نەتىجىسىدە قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەزى قەبىلە نامىلىرى ئۆزگەرگەن ۋە يېڭى ـ يېڭى قەبىلە ۋە مىللەت نامىلىرى بارلىققا كەلگەن. قاراخانىلار دەۋرىدە بارلىق تۈركىي خەلقلەر قەبىلىلەرنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا قەبىلە نامىلىرىنى قوللىنىشتىن باشقا كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇرلار، تۈركلەر دېگەن ئومۇمىي نام بىلەنلا ئاتالغان. بۇ پىكرىمىزنى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆز ئەسىرىگە «ئۇيغۇر تىلى دىۋانى»، «قارلۇق تىلى دىۋانى» ياكى «ئوغۇز تىلى دىۋانى» ئەمەس بەلكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ نام قويغانلىقىنىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن تىل پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى خاقانىيە تىلى ئىدى. بۇ چاغدا تۈركىي خەلقلەر تىل ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە باشقا مىللىي خۇسۇسىيەتلەر جەھەتتىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر پەرقلەندۈرۈلۈپ ئاتالغان. مەسىلەن: مەھمۇد قەشقىرى قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدىكى خەلقلەرنى «تۈركلەر» دەپ ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىغان بولسا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى بۇ چاغدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئۇيغۇر تارتلار، كاپىر ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىغان. تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق قاراخانىلار دەۋرىدىن كېيىن بارا ـ بارا روشەنلىشىشكە باشلىدى. ئاخىر بىر قانچە مىللەت شەكلىدە ياشاش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. چوڭ گەۋدىدىن پارچىلانغان قەبىلىلەر باشقا نامىلار بىلەن ئاتالغان بولسا، بۇ گەۋدىنىڭ ئۆلىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار بۇ نامنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

II

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «ئۇيغۇر» تەبىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى خېلى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. رىۋايەتنىڭ باش قىسمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلىقى، ئوقيا ئېتىشتا تولىمۇ ماھىرلىقى، ئوقنى ئالدىغا ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مىللىي ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن.

مەلۇمكى، چارۋىچىلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان قەدىمكى تۇرمۇش شارائىتى ئۇيغۇرلارنى شۇ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن ئىمكانىيەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئۆگەتكەن. بولۇپمۇ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش ماھارىتى ئەينى ۋاقىتتىكى چارۋىچى خەلقلەرنىڭ مۇھىم تۇرمۇش تەلىپى ۋە ياشاش تەلىپى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇر-

مۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئۇۋچىلىقتا يېتىلىشى زۆرۈر. ئۇۋچىلىق تۇرمۇشى كىشىلەردىن زېرەكلىك، باتۇرلۇق، قورقماس ئىرادە ۋە چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا، يەنە قارىغا ئېتىشتا يۇقىرى ماھارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مەشىق مەيدانى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەتەن، خەلقنى سىرتقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش، تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەملىكنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش قورالى ئوقيا، نەيزە، قىلىچ ئىشلىتىش ۋە ئات مىنىش ماھارىتىدە يۇقىرى كامالەتكە يېتىش — ھەر بىر ئائىلە ئەزالىرىغىچە مۇھىم بىر ھايات مىزانى بولغان. بۇ مىزانغا پادىشاھتىن تارتىپ پۇقراغىچە ھەممە كىشى ئەمەل قىلىشى لازىم ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئۇزاق يىللىق يات قەبىلىلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش تەجرىبىلىرى ئۇلارنى شۇنداق باتۇر، چەبدەس، قورقماس، پىداكار روھ بىلەن يېتىشتۈرۈپ قالماي، بەلكى ئۇرۇش ماھارىتىدە ئۇلارغا يۇقىرى كامالەت ئاتا قىلغان. بۇ خىل مىللىي ئالاھىدىلىك ئەلۋەتتە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە ئىسكەندەرنى ھەيران قالدۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى بولغان ئىدى.

تارىخىي پاكىتلارغا نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوقيا ئېتىش، ئات مىنىش ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك پاكىتلار مەۋجۇت. ئۇرخۇن بويىدا قۇرۇلغان قۇدرەتلىك ئۇيغۇر خانلىقى (646 ـ 845) دەۋرىدە شەرقتىكى قارلۇقلار ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن قارشىلاشقاندا غەربىي ئۇيغۇرلار شەرقتىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان. XI ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا قارلۇقلارنىڭ تىبەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ۋەھىمە تۇغدۇرۇپ، ئاي بىلگە قاغاننى بۇ رايونلارغا يۈرۈش قىلىپ، پاراكەندىچىلىكنى تىنجىتىشقا مەجبۇر قىلغان. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا بۇ قېتىمقى يۈرۈش مۇنداق خاتىرىلەنگەن: دەسلەپ شىمالدىكى كۆنكۈت (قىرغىز) ئېلى 40 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ئەمما خاقان ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن تارتىپلا باتۇر، زېرەك، مەرگەن بولغانلىقتىن ئاتقان ئوقى زايە بولماي كۆنكۈت خانىنى ھەق جايغا قارار تاپقۇزدى. «يېڭى تاڭنامە» ئۇيغۇرلار تەزكىرىسىدىمۇ «ئۇلار سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر» دېيىلگەن خاتىرىلەر بار. «كونا تاڭنامە»دىمۇ ئۇيغۇرلارنى «شۇڭقاردەك چەبدەس، باتۇر» دېگەن مەنىدىكى خاتىرىلەر بار. ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. جۇڭگو مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن «ئۇيغۇر»نىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادە قىلىنغان مەنىلىرى ھەم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يۇقىرىقى تەبىرىدىكى ئۇلار ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار ھەم ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر، دېگەن مەنە بىلەن خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. جۇڭگو مەنبەلىرىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇر نامى ھەرخىل خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن: دىڭلىڭ، تېلى، گاۋچاڭ، خۇ، روڭ، دي قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تازا قۇدرەت تاپقاندا خېلى كۆپ قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە ناملىرىنى تاشلاپ «ئۇيغۇر»نى ئومۇمىي نام قىلىپ قوللانغان. «ئەل تۇتۇش ئۆرنەكلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 235 ـ جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، چىن يۈەننىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 789 ـ يىلى) تون باغا جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خانلىقنىڭ نامىنى «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىدىغان» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى نام — ئۇيغۇر بىلەن ئاتاشنى ئۇقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنى 回鹘 (خۇي گۇ) دەپ ئاتىغان. بۇ يەردە ئىپادە قىلىنغان مەنە بىلەن مەھمۇد قەشقىرى ئىپادىلەۋاتقان مەنە ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك ئورتاقلىق مەۋجۇت.

قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلار ۋە «دىۋان»دىكى بەزى ئۆرنەكلەردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى چېنىقتۇراتتى. بەيگە، ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى دائىمىي پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. «دىۋان»دا مەھمۇد قەشقىرى قېرىن سۆزىنى ئىزاھلاپ: «قېرىن ئاتماق، قېرىننى قارىغا ئېلىپ ئېتىش. بۇنىڭدا سويۇلغان مالنىڭ قېرىنى نىشان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئوق ئېتىلىدۇ، تەگكۈزەلىگەن كىشى گۆشتىن بىر پارچە ئالىدۇ» ⑧ دېگەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلەشكەن، شەھەر تۇرمۇشىدىكى ھەربىي تەييارلىق ئۈچۈن قىلىنىدىغان مەشىقلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلقەرنەيىننى ھەيران قالدۇرغانلىقى ۋە زۇلقەرنەيىننى مەغلۇپ قىلغانلىقى ئوبيېكتىپ ئاساسلارغا ۋە تارىخىي ئاساسلارغا ئۇيغۇن.

III

«ئۇيغۇر» تەبىرى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى رىۋايەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ «قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىكەن» دېگەن سۈپەتلەش بار. يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكنى چوڭقۇرراق كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى كىيىنىش ئادىتىنىلا ئىپادە قىلىپ قالماستىن، بەلكى بۇ يەردە مۇھىم بىر سىمۋوللۇق مەنىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. كىلياشتۇرۇشنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، كۆل تېگىننىڭ ھەيكىلىنىڭ باش قىسمىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ: «كۆل تېگىن ھەيكىلىنىڭ بېشىغا بەش دانە قالقانسىمان شەكىلدىكى شاھانە تاج كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۈستىگە قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان بۈركۈت قويۇلغان».⑨

بۇنىڭدىن، باشقا قالپاقلاردا قۇش پەيلىرى بولۇش، قۇش ئوبرازى بولۇشنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلانغانلىقى ھازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ئارقىلىق ئىسپاتلانماقتا. ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى تىكرۇسېتتىن تېپىلغان ئەجدادلار يادىكارلىقلىرىدىن شۇڭقارنىڭ شەكلى ئورنىتىلغان ئالتۇن تاج بۇ نۇقتىنى ئىككى تەرەپتىن ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئادەتنىڭ بارلىقى، يەنە بىرى، ئۇيغۇرلار بىلەن زۇلقەرنەيىننىڭ سۈركىلىشىنىڭ دەۋرى ئاساسەن مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار يالغۇز بۆرىنىلا قۇتادغۇ قىلىپ قالماي، ئۇنىڭدىن باشقا ئات ۋە قۇشلارنىمۇ قۇت بەلگىسى قىلغانلىقى مەلۇم. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار لاچىننى «توغرۇل» نامىدا ئاتاپ، ئۇنى قۇتادغۇ قىلىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىسىم قىلىپ قوللانغان. بۇنىڭ خېلى ئومۇمىي ئەھۋال ئىكەنلىكى مەلۇم. بىز قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە «تۇغرۇل»، «تۇغرۇل بەگ» نامىدا ئاتالغان ئىسىملارنى خېلى ئۇچرىتىمىز. ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا گەرچە لاچىن نامىدا ئاتالغان كىشى ئىسىملىرىنى بۇرۇنقىدەك كۆپ ئۇچرىتىشقا بولمىسىمۇ، لېكىن لاچىن تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ ياخشى سۈپەتلىگۈچى ئورنىدا تۇرىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى باتۇر، چەبدەس، يۈرەكلىك، جەڭگەرلىك ئوغۇللارنى: «لاچىندەك يىگىتكەن، لاچىندەك ئەزىمەت ئىكەن»، «لاچىندە! لاچىن» دەپ پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئالىدىغانلىقى ھەرگىز تاسادىپىي بولمىسا كېرەك. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «لاچىن» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «ئۇ، بىر خىل يىرتقۇچ قۇش، باتۇر يىگىتلەرمۇ لاچىن دېيىلىدۇ» دېگەن. بۇ خىل ئىزچىللىق ئۇيغۇرلارنىڭ لاچىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئادەتتىكىچە بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قانىتى لاچىن قانىتىغا ئوخشىغانلىقى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا يەنە بەزى سىمۋوللۇق ئىپادىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىن قارىغاندا، مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى بايقاشقا بولىدۇ. بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى ئېگىز ۋە ئۇچلۇق قىلىپ لايىھەلەنگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىرلا قاراشتا پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىننىڭ قانات قاققان شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئىككىنچى ئالاھىدىلىك، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا باش كىيىمى ئۈستىگە قۇش پەيلىرىنى قاداش ئادىتى بولغان. مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئادىتى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بېرى داۋاملاشقانىكەن. كۆنچى ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال مومىيانىڭ ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرى ئىچىدىن ئۈستىگە قۇش پەيلىرى قادالغان كىگىز قالپاق چىقتى. ئۇيغۇرلاردا بۆكىگە قۇش پەيلىرىنى قادايدىغان ئادەت ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. كۇنەستىن تېپىلغان مىستىن ياسالغان چەۋەندازنىڭ قالپىقىنىڭ ئۈستىگە قۇش پېيىنىڭ ئېگىلىپ تۇرغان ھالىتىنى ئىپادە قىلىپ ياسىغان ئىلمەك بېزەك بىلەن، قازاقىستاندىكى «ئېسىك» قەدىمكى قەبرىسىدىن ئالتۇن كىيىملىك شاھزادىنىڭ تاجىسىدىكى قۇش ۋە قۇش پەيلىرى ئوبرازى بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملاشقان ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىسى پاكىتكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قالپاقلىرىنى پەرۋاز قىلىۋاتقان «قۇش»نىڭ ھالىتىگە سىمۋول قىلىپ ئىشلىگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكنى تاسادىپىي ئەھۋال دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

V

ھازىرغىچە بولغان خېلى كۆپ تەتقىقاتلاردا «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە خېلى كۆپ

ئىلمىي پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نۇقتىدا ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلە «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپلۇقى مەسىلىسى ۋە بۇ سۆزنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكى مەسىلىسىدۇر. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تەبىرىدە «ئۇيغۇر» سۆزى يۇنانچە «خۇزخۇر» نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساش جەريانىدىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارالغان. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىسى ھەقىقەتەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولغان. «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي تەرىپىدىن قويۇلۇشىمۇ ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئېنگېلس: «قەبىلىنىڭ نامى مەقسەتلىك تاللىۋېلىنغان ئەمەس، كۆپىنچىسى، تاسادىپىي پەيدا بولغان. قەبىلە ئۆزىگە قويغان نام باشقىچە بولغان بولسىمۇ، قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئاشۇ قەبىلىگە بېرىلگەن نام بارا ـ بارا ئۇنىڭ دائىمىي نامى بولۇپ قالاتتى. مەسىلەن: نېمىسلارنىڭ ‹گېرمان› دېگەن بىرىنچى تارىخىي ئومۇمىي نامىنى كىلتلار قويغانىدى» دەيدۇ. بۇ يەردىكى ماھىيەتلىك مەسىلە بىرەر مىللەتنىڭ نامىنىڭ كىم تەرىپىدىن قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئۇ نام شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي ئېتنوگرافىيىسى ۋە مىللىي خاراكتېرى بىلەن قانداق باغلىنىشى بارلىقى مەسىلىسى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ خەلقنىڭ باشقىلار بەرگەن شۇ نامنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقى مەسىلىسى. ئەگەر باشقىلار زورمۇزور تاڭغان نام شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا تەرەپلىرىگە مۇناسىپ كەلمىسە، ئۇ خەلق ئۇ نامنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، قوبۇل قىلمىغانىكەن، ئۇ نام ھەرگىز ئۇزاق داۋام قىلمايدۇ. يۇقىرىقى نام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرىگە مۇناسىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلىمۇ مەۋجۇدكى، ھازىرقى شەكىلدىكى «ئۇيغۇر» سۆزىنى ھەرگىز يۇنانچە سۆز، دەپ قارىيالمايمىز. چۈنكى «ئۇيغۇر» سۆزى بىلەن «خۇزخۇر» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىغا ئىككى يېرىم مىڭ يىل بولدى. شۇڭا شەكىل جەھەتتىمۇ ئورتاقلىق ساقلانمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بىرەر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىنى قوبۇل قىلغاندا ئۆز ئەينى بويىچە ئۆلۈك قوبۇل قىلمايدۇ، كۆپ ھاللاردا مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇۋالىدۇ. يەنە بىرى، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلغان سۆزلەرنى مەقسەتلىك ئۆزگەرتكەندە، ئۆز ئانا تىلىدا ئەسلىي مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئاھاڭداش سۆزلەرنى تاللاپ قوللىنىدۇ ياكى مۇناسىپ دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ سۆز ياسايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان ئۇ تىل تەدرىجىي شۇ مىللەتنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان ئانا تىلغا بويسۇندۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، «خۇزخۇر» سۆزى ئەڭ ئاۋۋال «خوزگور»، «ئۇيگۇر» شەكلىدە قوللىنىلغان بولسۇن ياكى «ئوغۇزخور»، «ئوغۇزگور»، «ئوغۇز» شەكلىدە قوللىنىلىپ ئاخىر «ئۇيغۇر» شەكلىگە كەلگەن بولسۇن، ئۇ بەرىبىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ئىستېمالىدا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىزچىل ھالدا «قەھرىمان، باتۇر خەلق» دېگەن مەنىنى ئىپادە قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر تىلى.

دېمەك، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «ئۇيغۇر» تەبىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخىنىڭ ئىلمىي يوسۇندا ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇلۇشى. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نام.

ئىزاھاتلار

① بۇ ساندىن قارىغاندا ئۆز دەۋرىدە ئېلى رايونىنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ سانىنىڭ 1 مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىكى روشەن بولىدۇ.

② ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «تارىمدىن تامچە»دە تارىخچى دوكتور زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»دە كەلتۈرگەن نەقلىدىن نەقىل. 307 ـ بەت.

③ «تارىخىي خاتىرىلەر» 399 ـ ، 400 ـ بەت.

④ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى چۈشىنىش، تۈركىي تىلنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغانلىقى ئۈچۈن كونكرېت چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.


⑤ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 151 ـ بەت.

⑥ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 210 ـ بەت.

⑦ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 46 ـ بەت.

⑧ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم، 524 ـ بەت.

⑨ س. ش كىلياشتورنى: «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى. ئۇيغۇرچە 20 ـ بەت.



# «يامان بولدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار

ئەركىن سابىر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**25. گۈل ـ گىياھلارنى دەسسەپ ـ چەيلىسە**

ئۇمايخان مومىنىڭ ھويلىسى ياز كۈنلىرى گۈل ھىدىغا تولۇپ كېتەتتى. دەرەخلەردە بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازى بېسىقمايتتى. ئۇ چاغلاردا كۆپىنچە كىشىلەر ھويلىلىرىغا قورۇق تام ئورنىدا چىتلاق قىلاتتى. ئۇمايخان مومىنىڭ ھويلىسىدا بولسا چىتلاق ئورنىدا قىزىلگۈل ۋە ئەتىرگۈللەر قويۇق ئۆسكەنىدى. يامغۇردىن كېيىن ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدىغان ئاق، قىزىل، سېرىق، ھالرەڭ گۈللەرنى ھەركىمنىڭ تاماشا قىلغۇسى كېلەتتى. ئەمما بىز بالىلار چوڭلارغا ئوخشىمايتتۇق. گۈللەرنى ئۈزۈپ گۈل تۈگۈنىكىنى ياراتتۇق ـ تە، ئىچىدىكى توزغىقىنى ئېلىپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ بوينىغا سېلىپ ئوينايتتۇق. توزغاق بەدەننى بەك قىچىشتۇراتتى. كىيىمگە يېپىشۋالسا ھەم ئاسان چىقمايتتى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئويۇننىڭ بىزگە زادى نېمە قىزىقى بار ئىدىكىن، ھازىرمۇ شۇنىڭغا ھەيرانمەن.

بىر كۈنى ئىسمەتۇلكام بىزگە:

—ھۇ بەغەرەزلەر، بىر چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرنى بىزەپ قىلىپ نېمە ئويۇن ئۇ؟!—دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ دېيىشىچە، گۈل ـ گىياھلارنى ئۈزسە، دەسسەپ ـ چەيلىسە يامان بولىدىكەن، چۈنكى گۈل ـ گىياھلار جەننەتتىن كەلتۈرۈلگەنىكەن.

— دادا، بۇ گەپ راستمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن دادامدىن.

— يالغان گەپ بولمايدۇ بالام، گۈل ـ گىياھلار تەبىئەتنىڭ كۆركى، ئەگەر گۈل ـ گىياھلار ئۈزۈپ تاشلانسا، دەسسەپ ـ چەيلىنىپ خازان قىلىۋېتىلسە، بۇ دۇنيادا كۆرگەدەك يەنە قانداق چىرايلىق نەرسە قالىدۇ؟ بۇنىڭدىن باشقا، گۈل ـ گىياھلارمۇ دەل ـ دەرەخلەرگە ئوخشاش ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. ھاۋا ساپ بولمىسا، ئادەم نېمىدە نەپەسلىنىدۇ؟ شۇڭا بالام، ئالىقاندەك يېشىللىق بولسىمۇ شۇنى ئاسراش كېرەك، — دەپ چۈشەندۈردى دادام. بۇ كۈنى مومامۇ بار ئىدى. ئۇ بىر نېمە دېمىدى ـ يۇ، دادام تالاغا چىقىپ كەتكەندە مېنى يېنىغا تارتىپ:

— ياش ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى «تېخى ئۇن گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان» دەيمىز. شۇڭا گۈل تېرىپ ئۆلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئېچىلدۇرىمىز، سىلەر بولساڭلار ئاشۇ ئۇن گۈلنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغانلارنىڭ ئەمدى ئېچىلغان گۈلىنى توزىتىپ ئويناپسىلەر. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق

قىلماڭلار، بولمىسا راستىنلا يامان بولىدۇ ــ دەپ بىر مۇنچە تەنبىھ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن زادىلا گۈللەرنى ئۈزمەيدىغان، گىياھلارنى دەسسىمەيدىغان بولدۇم.

ئەسلىدە بۇ «يامان بولىدۇ»نىڭ مەنىسى يەنىلا تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈش دېگەن مەنىدە بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ تەبىئىيلىكنى قوغداپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

**26. چۈمۈلىلەرنى دەسسىسە**

مەن بىر كىتابتىن چۈمۈلىلەرنىڭ ئاجايىپ تۈزۈمى بارلىقىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. چۈمۈلىلەر نامازشام مەزگىلىدە ئۇۋىسىنىڭ ئېغىزىنى چالما بىلەن ئېتىۋالىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كەچ قالغان چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىنى تاپالماي سەرسان بولۇپ كېتىدىكەن. بىز ھازىر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاجايىباتلارنى بايقاپ، پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلىۋاتىمىز. ئەلۋەتتە چۈمۈلىلەرنىڭ بايىقى تۈزۈمى (ئائىلە تۈزۈمى)مۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىسا كېرەك.

بىر كۈنى كۈن چۈشتىن قايرىلغان مەھەلدە بىز نەگىدۇر كۆچ ـ كۆچ قىلغان چۈمۈلىلەرنى دەسسەپ ئوينىدۇق.

ــ نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسىلەر؟ بىر يەرنىلا ئايلىنىسىلەر، يەرنى تېپىسىلەر، ئون، يىگىرمە دەيسىلەر، زادى نېمە ئويۇندۇ ئۇ؟ ــ دېدى بىر چاغدا ھېزىمجاننىڭ مومىسى چىقىپ.

ــ چۈمۈلىلەرنى دەسسەپ، كىم جىق ئۆلتۈرەلىسە شۇ باتۇر بولىدۇ دەپ ئويناۋاتىمىز، ــ دېدۇق بىز.

ــ ھۇ كۆزى كور بولىدىغانلار! ــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى موماي بىردىنلا ئاچچىقى كېلىپ، ــ ئۇمۇ ئاللا ياراتقان جانىۋار، ئۇنى دەسسىسە يامان بولىدىغىنىنى بىلمەمسەن؟!

ــ بىلمەپتىمىز، ــ دەپ جاۋاب بەردۇق بىز.

ــ بىلمەپتىمىز دەيدۇ تېخى! ھەي، سەن خەقنى ئۆزۈڭلەردىن يوغان مەخلۇق كېلىپ ئاشۇنداق دەسسەپ ئوينىسا قانداق قىلىسەن؟ شۇ تاپتا بىرەرسىڭگە بىر تاياق تېگىپ كەتسە كەچكىچە پوتلاڭنى ئېقىتىپ يىغلايسەن، چۈمۈلىلەرنىڭمۇ ئاشۇنداق جېنى ئاغرىيدۇ، يىغلايدۇ...

بىز مومايىنىڭ تەنبىھىنى ئاڭلاپ جىممىدە تارقاپ كەتتۇق، كېيىنكى كۈنلەردە مەن چۈمۈلىلەرنىڭ چېچىلغان دان ۋە نان ئۇۋاقلىرىنى يولدىن سىرتقا توشۇۋاتقىنىنى ۋە يەنە كېسەل بىلەن ئۆلگەن بىر توخۇنىڭ تاپىغا ئولىشىۋالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭمۇ ئىنسانلارغا پايدىلىق بەزى ئۇششاق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز چۈمۈلىلەرنىڭ (كىچىك ئىشلاردا بولسىمۇ) ئاشۇنداق «تازىلىق ئىشچىسى»لىق ئەمگىكىنى قەدىرلەش ئۈچۈن «چۈمۈلىلەرنى دەسسىسە يامان بولىدۇ» دېگەن بۇ ھېكمەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا كېرەك. ئەمما مەن بۇ ھېكايەمدە ئاتا ـ ئانىلارغا باللارنىڭ كېچە ـ كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەي تالا ـ تۈزدە يامان يولغا مېڭىپ قالماسلىقى ئۈچۈن چۈمۈلىلەرنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك «ئائىلە باشقۇرۇش»تىكى قاتتىق قوللۇقىنى ئۆرنەك قىلسا بولىدىغانلىقىنى دېگەننى بىلدۈرگۈم كېلىدۇ.

**27. خەقنىڭ ئەيىبىنى ئاچسا**

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا زىئۇركامنىڭ قىزى زىلەيگۈل بىلەن ھېچقايسىمىز بىر پارتىدا ئولتۇرۇشنى خالىمايتتۇق. سەۋەبى ئۇ قىزنى سېسىق پۇرايدۇ دەپ قارايتتۇق، ئەمەلىيەتتە ئۇ دادىسىنىڭ لەقىمى ئىدى. بىر كۈنى مۇئەللىم زىلەيگۈلنى مېنىڭ يېنىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، مەن بۇنىڭغا نارازى بولۇپ ئۆچىنچى سائەتلىك دەرسكە قاتناشمايلا ئۆيگە كەتتىم.

ــ بۇ ئىشىڭ ياخشى بولماپتۇ، ــ دېدى دادام خاپا بولۇپ.

ــ زىلەيگۈلنىڭ دادىسى سېسىق پۇرامدۇ، بولمىسا خەقلەر نېمىشقا ئۇ ئادەمنى «زىئۇر سېسىق» دەيدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن دادامدىن.

ــ خەقنى ئۇنداق دېمە، يامان بولىدۇ، ــ دېدى دادام شۇئانلا، ــ زىئۇردىنمۇ ئاشۇنداق خەقنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ شۇ لەقەمگە قالغان. دۇنيادا ئەيىبى يوق ئادەم بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش، تاتىلاش ياخشى ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەمەس، ئەگەر ياخشى ئادەم بولاي دېسەڭ خەقنىڭ ئەيىبىنى ئاچما، خەق كۆڭلىگە ئالىدۇ، دىلى رەنجىيدۇ. زىلەيگۈل بەلكىم سەندىن خاپا بولۇپ قالغاندۇ، كىم بىلىدۇ، ھازىر ئۇ قىز ئۆيىگە بېرىپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقاندۇ!

دادام شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا زىلەيگۈلنىڭ مىسكىن ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئەتىسى مەكتەپكە بېرىپلا زىلەيگۈلگە «تۈنۈگۈن قورسىقىم ئاغرىپ چىدىيالماي ئۆيگە كەتكەنتىم» دەپ، كۆڭلىنى ياساپ قويدۇم.

«باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچسا يامان بولىدۇ»نىڭ

ىېگىزلىك مەنىسى يەنىلا «ئىناقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چە-
قىرىدۇ، ئىناقسىزلىق باشقا بالا بولىدۇ» دېگەندىن ئىبا-
رەت ئىكەن.

**28. كىشىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان گەپلــەرنى قىلسا**

زىۋىرىدىنكامنىڭ «سېسىق» لەقىمىنى ئېلىپ قېلىشى
باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئۇقسىلا تاتىلايدىغان ئادىتى بارلە-
قىدىن ئىكەن. ئۇ دائىملا مەھەللىمىزدىكى سونۇركامنى:
«قۇلىقىڭنى ھۇرۇن ئېشەكنىڭ قۇلىقىدەك سالپايتىپ نەگە
ماڭىدىڭ؟» دەيدىكەن. سونۇركام كۆڭلىدە خاپا بولسىمۇ،
ئۇنىڭغا چىش يىرىپ بىر نېمە دېيەلمەيدىكەن، چۈنــكى
زىۋىرىدىنكامنىڭ ئىنىسى داۋۇتنىڭ شۇجىسى بولغــاچقــا،
سونۇركام خاپىلىقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن قورقىدىكەن.
شۇنىڭدىن ئىلگىرى زىۋىرىدىنكام روزاخۇن دېگەن ئادەم-
نىڭ قوناق ئېتىزلىقىدا ئۇنىمەي ئالا بولۇپ قالغان يەرلە-
رنى ئاغدۇرۇپ قايتا قوناق تېرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

ـــھاي روزاخۇن، تازىنىڭ ئېتىزىمۇ تاز بولىدۇ، بېشىڭغا
تۆك چىقمىغانغا ئوخشاش ئالا يەرگە قايتا تېرىغان بىلەنمۇ
بەرىبىر ئۈنمەيدۇ ـــ دەپتۇ. قايتا تېرىش ئېغىر كېلىپ جىلە
بولۇپ تۇرغان روزاخۇنكام بۇ گەپكە يېرىلغىدەك بوپتۇ ۋە
كەلگەن پېتى زىۋىرىدىنكامنى قىرغا بېسىپ ئۇرۇپ كېتىپتۇ.
شۇ ئىشتىن كېيىن روزاخۇنكام تۆگمەس بالاغا قاپتۇ، دا-
دامنىڭ دېيىشىچە، روزاخۇنكام ھەدېسىلا كۆرەشكە تارتىلىپ
دەشنام يەۋەرگەچكە، بۇ مەھەللىدە تۇرالماي باشقا مەھەل-
لىگە كۆچۈپ كەتكەنىكەن. زىۋىرىدىنكام ئېغىمۇ كۆرەڭلەپ
بىرىنى كۇسا، بىرىنى چوقۇر، بىرىنى قوتۇر، بىرىنى ئالغاي،
بىرىنى دوك دەپ كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان گەپلەر
بىلەن چاقچاق قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلــەر ئــۇنى
«گېپى سېسىق» دەيدىغان بوپتۇ. كېيىن ـ كېيىن ئۇ ئا-
دەمگە «زىۋىرىدىن سېسىق» دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ.
ئىنىسى شۇجىلىقتىن قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىم
باردى ـ كەلدى قىلمايدىكەن، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چە-
راغلارغىمۇ چاقىرمايدىكەن، ئۇقۇشماي كېلىپ قالســمۇ،
ئۇنى سېسىق كۆرۈپ ھېچكىم بىر داستىخاندا ئولتۇرمايدى-
كەن. «كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان گەپلەرنى قىلسا
يامان بولىدۇ»نىڭ مەنىسى ئەل ـ يۇرت، جامائەتنىڭ نە-
زەرىدىن چۈشۈپ قالىسەن، دېگەندىن ئىبارەت بولسا كې-
رەك. دادام:

ـــبۇ ئىش زىۋىرىدىنىنىڭ ئۆزى بىلەن كەتسە مەيلى
ئىدى، بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرى «سېسىق» دې-
گەن نام بىلەن بۇ دەردنى قاچانغىچە كۆتــۈرۈپ يــۈ-
رەر؟!ـــ دەپ ئەپسۇسلاندى.

**29. پۇچۇق (دەز) قاچىدا تاماق يېسە**

ـــقوي ئۇنى، پۇچۇق قاچىدا تاماق يېسە يامان بو-
لىدۇ ـــ دەيتتى مومام كىچىك چاغلىرىمدا، بالاغەتكە يەت-
كەن چاغلىرىمدا يەنە شۇنداق گەپنى ئاڭلىدىم. بىر كۈنى
ئاغىنەم تاشپولاتلارنىڭكىگە تاماق ئۈستىگە بېرىپ قاپتە-
مەن، تاشپولاتنىڭ ئاپىسى «ياخشى مېھمان تاماق ئۈس-
تىگە كېلىدۇ» دەپ ماڭا تاماق ئۇسۇپ كەلدى. بىراق
تاماققا چوكا سالغىچە ئالدىمدىن تاماقنى يەنە تارتىپ ئې-
لىپ كەتتى.

ـــتوختا، ساڭا ئۇقۇشماي پۇچۇق قاچىغا تاماق ئۇ-
سۇپ كەپتىمەن، باللار پۇچۇق قاچىدا تاماق يېسە يامان
بولىدۇ. بولۇپمۇ ياش باللار پۇچۇق قاچىدا تاماق يېسە
جۇۋان ئېلىپ قالىدۇ ـــ دەپ چۈشەندۈردى. شۇ چاغدا بۇ
گەپتىن بەكلا ئىزا تارتقانىدىم. ئەمەلىيەتتە «جۇۋان ئېلىپ
قالىدۇ» دېگەنلىك خۇراپىي گەپ بولسىمۇ، موملىرىمىز
ۋە ئانىلىرىمىز ئاشۇنداق دېيىش ئارقىلىق ياش ئەۋلاد-
لارنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاسراپ كەلگەن. بــۈگــۈنــكى
كۈندە تېببىي ئىلىم ساھەسىدىكىلەر قاچا ـ قۇچا قاتارلىق
قازان ـ قومۇچ سايمانلاردا مىليونلاپ كېسەللىك باكتېرى-
يىلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى دەلىللەپ چىقتى ۋە ئاشخانە-
لاردا قاچا ـ قۇچىلارنى دېزىنفېكسىيىلەشنى قاتتىق تۈ-
زۈملەشتۈردى. بىراق دەز، پۇچۇقى بار قاچا ـ قۇچىلار-
دىكى كېسەللىك باكتېرىيىلىرى دېزىنفېكسىيىلەنگەندىمۇ
ئۆلمەيدىغانلىقى قەيت قىلىنماقتا ۋە تەن ساقلىق ئۈچۈن
پۇچۇق، دەزى بار قاچا ـ قۇچىلاردا تاماق يېيىــشــتــن
ساقلىنىش تەكىتلەنمەكتە. بۇ ئىش توغرىسىدا موما ـ ئانە-
لىرىمىز شۇنداقلىقنى بۇرۇنلا بىلگەن بولغىيمىدى، دەپ
كۆپ ئويلاندىم ۋە بەلكىم ئۇ كەملەردە قاچا ـ قۇچىلار-
نىڭ دەز ـ پۇچۇقلىرىدىكى كىرلارنىڭ پاكىز چىقمايدى-
غانلىقىغا قاراپ، ئۇنداق قاچا ـ قۇچىلارنى «مەينەت بو-
لىدۇ» دەپ قارىغانلىقىدىن بولسا كېرەك دەپ چۈشەن-
دىم.

«پۇچۇق (دەزى بار) قاچا ـ قۇچىلاردا تاماق يېسە
يامان بولىدۇ»نىڭ مەنىسى ياش ئەۋلادلارنى پاكىزلىققا
ئەھمىيەت بېرىپ، تەن ساغلاملىقىنى ئاسراشقا ئۈندەش
ئىكەن.

**30. سورىغان نەرسىسنى قايتۇرماي تېنىۋالسا**

ـــموما، ھەي موما، ـــ دەپ توۋلــدىم بــىــر كــۈنى

2008.5

هويلىغا كىرىپلا،—بىزنىڭ قول (ئۆي) سۈپۈرگىمىز ئاۋۇ سېيىتلارنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ.

—ئوھۇش، ھەممە ئادەمنىڭ سۈپۈرگىسى بولىدۇ، سەن نەدە يۈرۈپ خەقنىڭ ئۆيىدىكى سۈپۈرگىنى بىزنىڭ دەيسەن؟—دېدى مومام.

—سەن سۈپۈرگىنى چۈۋۈلۈپ كەتمىسۇن دەپ يۇزىگە لاتا تىككەنتىڭغۇ؟

—ئۇغۇ راست،—دېدى مومام شۇنىڭدىن كېيىن،—ئۆتكەندە ھېپىزىخان ئۆيۈمنى سۈپۈرۈۋېلىپلا ئەپچىقىپ بېرىمەن دەپ سورىغان. ئەمما ئەپچىقىپ بەرمىدى، ئۇن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سورىسام «مەن شۇ ۋاقتىدىلا ئەپچىقىپ بەرگەن» دەپ تېنىۋالدى. بوپتۇ بالام تېنىۋالسا يامىنى ئۆزىگە.

شۇنىڭ ئەتىسى سەھەردە بىزنىڭ دەرۋازىنى بىرسى قاققىلى تۇردى.

—چىقىپ قاراپ باققىنا، بۇنچە ئەتىگەندە كىم كەلدىكىن،—دېدى مومام مېنى بۇيرۇپ، مەن تەستە تۇرۇپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچسام دەرۋازىمىزنى قاققان سېيىت ئىكەن.

—موماڭ بارمۇ؟—دەپ سورىدى ئۇ ھويلىغا كىرىپ، مومام ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھويلىغا چىقتى ۋە نېمە ئىش بىلەن كىرگەنلىكىنى سورىدى.

—بىزنىڭ ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قاپتىكەن، ئاپام چوغدىن بېرەمدىكى دېۋىدى،—دېدى سېيىت.

—چوغقۇ بار بالام، بىراق كىچىك بالا چوغ ئېلىپ ماڭسا بولمايدۇ، شۇڭا ئاپاڭ ئۆزى چىقسۇن.

سېيىت «ماقۇل» دەپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەيلا سېيىتنىڭ ئاپىسى ھېپىزىخان ھەدە بىر قولدا سېپى يوق گۈرجەك، بىر قولدا ھېلىقى سۈپۈرگىنى كۆتۈرۈپ ھويلىمىزدا پەيدا بولدى.

—خاپا بولمىسىلا، بۇ سۈپۈرگىنى ئۆتكەندە ئەپچىقىپ بەرگەندەك قىلغان، تۈنۈگۈن قارىسام ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرۇپتۇ، «ۋېيەي، بۇ سۈپۈرگە بۇ يەردە تۇرىدىغۇ؟» دەپ قولۇمغا ئېلىشىمغا تاي كۆرۈپ قالغان، بەك خىجىل بولدۇم. شۇڭا بۈگۈن ئەكىرىپ بېرەي دېدىم،—دەپ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ ئۆزرە سورىدى ھېپىزىخان ھەدەم مومامدىن.

—چوغمۇ بېرەي، سۈپۈرگىنىمۇ سىزگە بېرىۋېتەي، سىز ئىشلىتىڭ،—دېدى مومام ھېپىزىخان ھەدىنىڭ گۈرجىكىگە تۆت تال چوغ ئېلىپ بېرىپ، ھېپىزىخان ھەدە يا چوغنى ئېلىشنى، يا سۈپۈرگىنى قويۇپ قويۇشنى بىلمەي بەكلا ئوڭايسىزلاندى.

دۇنيادا ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە ھاجەتمەن بولىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، تونۇش ـ بىلىشلەر ئارا ئېلىم ـ بېرىم بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن خەقنىڭ نەرسىسىگە كۆز قىزارتىدىغان ئايرىم كىشىلەر سوراپ ئالغان نەرسىسىنى قايتۇرماي تېنىۋالسا يامان بولىدۇ، دېگەننى بىلمىسە كېرەك. بۇنىڭ «يامان بولىدۇ»سى ئاقىۋەت ئۆزۈڭ ئۇياتقا قالسەن، ئوسال بولسەن، ئەل ـ يۇرت ئارىسىدا بېشىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيسەن، دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. سۈپۈرگىمۇ ئاددىيلا بىر نەرسە، ئەمما شۇنچىلىك ئىشتىمۇ يۈزى كېتىدىغىنىنى ھېپىزىخان ھەدە ئويلىمىغان بولغىيمىتتى؟

## 31. ئۆي ئىچىدە ئىسقىرتسا

بىر كۈنى ئۆيگە ئىسقىرتىپ كىرسەم، ئاپام:

—ھاي، ئۆيدە ئىسقىرتما، يامان بولىدۇ!—دەپ ماڭا ۋارقىرىدى.

—قانداق يامان بولىدۇ؟—دەپ سورىدىم مەن شۇئان.

—ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ،—دېدى ئاپام. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا تۇرۇۋسقا قارىدىم، خۇددى ھازىرلا ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قورققانىدىم.

ئاۋاز دولقۇنىنىڭ ھاۋادا مەلۇم تەۋرىنىش كۈچى ھاسىل قىلىش رولى بولىدۇ.

تىك تاغلاردا خەتەرلىك ھالەتتىكى قار ياكى ئېسىلىپ قالغان تاشلارنى ئوق ئاۋازى ئارقىلىق تەۋرىتىپ چۈشۈرۈۋېتىدىغان؛ ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا قېزىلغان كان قۇدۇقلىرىدا كان يوللىرىنىڭ تورۇسىدىكى بوشاپ قالغان كۆمۈرلەرنى ئىسقىرت ئارقىلىق چۈشۈرۈۋېتىدىغان ئىشلار بولىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۆي ئىچىدە ئىسقىرتسا ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، دېگەن گەپنىڭمۇ ئاساسى يوق ئەمەستەك قىلىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا تاش ـ توپىلارنى دۈۋىلەپلا ياسىۋالغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان كىشىلەر ئۆي ئىچىدىكى ھاۋانىڭ تەۋرىنىشى بىلەن ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان ئاقىۋەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇشى ۋە «ئۆي ئىچىدە ئىسقىرتساڭ ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ»، دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت بۇ «يامان بولىدۇ»نىڭ يەنە بىر مەنىسى «ئەدەپسىزلىك قىلما» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. چوڭلارنىڭ نەزەرىدە كەلسە ـ كەلمەس ئىسقىرتىش مەلۇم مەنىدە چوڭ ياشتىكىلەرگە نىسبەتەن ئۆزىنى تۇيمىغانلىق، بالىلارغا نىسبەتەن ئەدەپسىزلىك دەپ قارىلىدۇ.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ پېنسىيونېرى)



# ئالما تاشلىغان يارىم

ئىلىنىڭ دەرياسىغا
ئالما تاشلىغان يارىم.
قەلەندەر بولۇپ بارسام،
باغقا باشلىغان يارىم.

ئىلى دەريا بويىدا
سەن يارىمنىڭ ئوردىسى.
بىر يىل نامە يازمىسام،
تۈتۈپ قالدى دودىسى.

ئىلىخونىڭ يولىدا،
ئەينەك تاختا قولىدا.
بۇ جان كەتسە ئەرزىمەس،
سەن يارىمنىڭ يولىدا.

ئىلىخونىڭ غولىغا،
گۈلنى تەردىم يولىغا.
ئۆزىڭىز ئوبدان بالا،
كىم ئالاركىن قولىغا؟

ئىلىخو دېگەن شۇدۇر،
يول سالارنىڭ ئورنى يوق.
ئۆزۈڭ كەلمىسەڭ يارىم،
مەن بېرىشنىڭ ئورنى يوق.

ئىلىخو دېگەن يەردە،
شايى چاپان بەش تەڭگە.
ئازار بەرمەڭ كۆڭلۈمگە،
شېرىن جېنىم مىڭ تەڭگە.

ياخشى ئاتقا نېمە ئىدى،
ئىلى، چۆچەك ئاراسى.
مۇنچە يىراق بولماسۇن،
ئىككىمىزنىڭ ئاراسى.

مەن دۆلەت قۇشى ئەمەس،
قولۇم بار، قاناتىم يوق.
يار ۋەسلىگە يەتمىسەم،
ئىلىدا ھاياتىم يوق.

تەلكىنىڭ داۋانىدىن
ئۆتۈپ كەتتىم سالامەت.
ئىلىدىكى شۇ يارىم
خۇدايىمغا ئامانەت.

ئىلى يولىدا كارۋان،
بېلىدە دورا ـ دەرمان.
سەن مېنى ياراتمايسەن،
كېيىن قىلىسەن ئارمان.

ئىلى دېگەن يەرلەردە،
ئۇن تاسقايدۇ لەڭزىدە.
كىچىككىنە يارىم بار،
قان تامىدۇ مەڭزىدە.

ئىلىدىن چىقىپ بېرىپ،
چەيلەڭزىدە ① قايرىلدۇق.
قارىغۇجىدەك يارلاردىن،
يوقسۇللۇقتا ئايرىلدۇق.

زاھىركامنى باش قىپتۇ،
ئىلىدىكى كارۋانغا.
بىز ئىلىدىن كەتكىچە،
ئېيتىپ قويماڭ شەرۋانغا.

ئالمۇتىغا بارمايمەن،
پۇتۇم تولا ئاغرىيدۇ.
ئىلىدىكى يارىمغا
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ.

يار دەردى يامان ئىكەن،
مەن ئۆرە يۈرەلمەيمەن.
ئىلىدىكى يارىمنى
ۋاقتىدا كۆرەلمەيمەن.

كىچىككىنە قارا كۆز،
سەن كۆرەگە ② بارغانمۇ؟
ئاخشامقى قاراڭغۇدا،
راست كۆردۈڭمۇ ــ يالغانمۇ؟

مەن كۆرەگە بارغاندا،
تۆت سەر ياماغىم بولسا.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئۆسمەمدۇ،
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا.

جەرەن ئاتنى سۇغاردىم،
لەڭزە بېشى بۇلاقتا.
مەن ساڭا كۆيۈپ قېلىپ،
ئالتاي ياتتىم سولاقتا.

ئاھ خېنىم ئۆزۈڭ نەلىك،
زاتىم مېنىڭ قومۇللۇق.
تۇرار جايىمنى سورىساڭ،
خەنبىڭ ③ يېرى قوغۇنلۇق.

بالىخان ئۆيۈڭ نەدە،
سۈيدۈڭدىكى لەڭگەردە.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
دۈشەنبە سەھەرلەردە.

يان بۇلاقمۇ ④ بۇلاقمۇ،
قوتۇر ئېشەك ئۇلاقمۇ؟
پوتا سالسام قوپمايسەن،
پۇت ـ قوللىرىڭ چولاقمۇ؟

يار ئارقىسىدىن باردىم،
قورغاسنىڭ مازارىغا.
يارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ،
مەن قالدىم سازايىغا.

سار بۇلاقتا ⑥ يايلاقتا،
ئاتنى سۇغاردىم بۇلاقتا.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
ئالتاي ياتتىم سولاقتا.

تەلكە ⑦ ئىچى قارىغاي،
پالتام قالدى يارىماي.
خۇدا قوشقان يارىمنى
دۈشمەن قانداق ئايرىغاي.

تەلكە ئىچى قارىغاي،
مەن ئۇندا ياتاي دەيمەن.
يارغا كۆيگەن يۈرەكنى
زەي يەرگە ياقاي دەيمەن.

ئالمالىقنىڭ تاغلىرى،
يېمىش پۇرايدۇ باغلىرى.
قاچانمىغۇ ئۇنتۇلار،
چۆگۈنگە سالغان چايلىرى.

كۆرەگە لەك ئېلىپ بارغان،
قاشنىڭ ⑧ بالىلىرى باشتا.
قونالغۇسى ئارا ئۆستەڭ ⑨ ،
كۆڭلى بىر قەلەم قاشتا.

قاشنىڭ ⑩ شاملى چىقسا،
ئۇشتۇيدۇ قۇرۇق سۆگەت.
ئالدىمدا كۈلۈپ قويۇپ،
ئارقامدىن قىلار غەيۋەت.

بايتوقاينىڭ⑪ يولىدا،
ئالا ئۆردەك ئىزى بار.
ئۇن بېشنىڭ ئۆيىدە،
ئوتتۇز ياشتا قىزى بار.

ئويمانبايتوقاي⑫ سازى،
ئۆردەكتىن تولا غازى.
كىچىككىنە يارىم بار،
ئۆلتۈردى ئۇنىڭ نازى.

بايتوقايدىن دىلئارەم،
كۆيۈپ قاپتۇ قاشلىقتا.
ئەلچىنى قويۇپ قويدۇق،
توي قىلىمىز قىشلاقتا.

بور بۇسۇننىڭ⑬ قىزلىرى
قېچىپ تەگدى قاشلىققا.
تەگدى سەتەڭ ئايىمخان
شاڭيۇ دېگەن باشلىققا.

چولۇقاينىڭ⑭ غوللىرى،
يانتاقلىق ئوتتۇن ئىكەن.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
قاراقاش خوتۇن ئىكەن.

مەن ئۆزۈم بوربۇسۇنلۇق،
كۆڭلۈم تارتىدۇ قاشقا.
ئېيتار سۆزۈم بار ئىدى،
زەينىدىن دېگەن ياشقا.

مەن ئۆزۈم بور بۇسۇنلۇق،
كۆڭلۈم تارتىدۇ قاشنى.
ئۆلتۈرسەڭمۇ ئىچمەيمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

چاچىنى چاچقا ئۇلىسا،
يېتەمدۇ قاشىنىڭ بويىغا.
خۇدايىم سىپ قويۇپتۇ،
قاراقاشىنىڭ كويىغا.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
ئابرالنىڭ⑮ تاغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
داغى ئايرىلىش داغى.

سادىرنىڭ⑯ ئۆيى نەدە؟
مولتوختىيۈزىدە.
سادىرنىڭ ئوتى بىلەن،
شەرۋانە خېنىم نەدە؟

بۇ يوللاردا ئۆكسىمەيدۇ،
توققۇز تارالىق.
مەن يارىمدىن ئايرىلغىلى
كۆڭلۈم قارالىق.

ئارا ئۆستەڭ⑰ توغراقلىقتۇر—
يارىمنىڭ جايى.
ئۆلتۈرەمدۇ، تىرگىزەمدۇ،
يارىمنىڭ ئاھى.

ئاقسۇ يولى مۇزداۋان،
مۇز داۋاندا بىر جۇۋان.
ئۇ جۇۋاندىن سورىسام،
ئۆزى ياردىن ئايرىلغان.

ئاتلارنى ھەيدەيدىكەن
مۇز داۋان بىلەن.
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن
بىر يامان بىلەن.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار.
خونىقايغا⑱ بارمايمەن،
مەلەمدە ئاداشىم بار.

يار قېشىغا ماڭغاندا،
لەيلىقىزدىن⑲ ئۆتتۇممەن.
قاراقاش گۈزەل يارنى،
مۇزداۋاندا كۈتتۇممەن.

چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا، ⑳
يارنىڭ مىنگىنى يورغا.
يارنى كەلگۇدەك دەيدۇ،
چىقىپ تۇراي مەن يولغا.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
غالجات غولىنىڭ باشى.
يارنى دەپ قۇرۇپ كەتتى،
قارا كۆزۈمنىڭ ياشى.

ئىزاھلار:

① غۇلجا بىلەن سۈيدۈڭ ئارىلىقىدىكى جاي نامى.
② قەدىمكى كۈرە قەلئەسى. ③ ، ④ غۇلجا شەھىرىدىكى يەر ناملىرى.
⑤ غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى يەر نامى.
⑥ قورغاس ناھىيىسىدىكى جاي نامى. ⑦ ئىلىنىڭ غەربىدىكى تەلكە تېغى.
⑧ ، ⑨ ، ⑩ ، ⑪ غۇلجا ناھىيىسىدىكى يېزىلار. ⑫ قاش دەرياسى
⑬ ، ⑭ غۇلجا ناھىيىسىدىكى يېزىلار.
⑮ غۇلجىنىڭ شەرقىدىكى ئابرال تېغى. ⑯ سادىر پالۋان.
⑰ سادىر پالۋاننىڭ يۇرتى. شەرۋانە ـ سادىرنىڭ ئايالى.
⑱ غۇلجا ناھىيىسىدىكى يېزا.
⑲ ، ⑳ ، ㉑ ، ㉒ چاپچال ناھىيە ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرى.

توپلىغۇچى: خەپىز ساتتار سالىھ
(ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىنىي ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى)


## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى باياۋرگۇ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت ئەسەرلەر ئېلان قىلىندۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۈنۈۋان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ (0991)

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى



مويدىن سايىت بوستان

# لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

3) مانجا. بۇ، لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىق تۇتۇشتىكى
ئۆزگىچە قورالى. مانجا ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى،
تورقا يېپىدا سۇكەننىڭ تەتۈر تۈرگىنىگە ئوخشاش ئاغزى
كىچىك، تۈۋى تەرەپ چوڭ، ئۇزۇن تاغاردەك توقۇلى-
دۇ. چوڭ - كىچىكلىكى يېپىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ
بولىدۇ. مانجانى ئىشلىتىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئېقىننىڭ
تار يېرىگە مانجانىڭ ئاغزىنى قوزۇق بىلەن كېرىپ
باغلاپ، ئىككى تەرىپىگە بىلەكتىن چوڭ بېلىقلار ئۆتەل-
مىگىدەك زىچلىقتا قوزۇق قېقىلىدۇ. ئەگەر شۇ چاغدا
بېلىققا ئېھتىياجلىق بولسا، سۇنىڭ ئېقىشى بويىچە يۇ-
قىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ بېلىقلارنى ھۈركىتىپ ھەي-
دەيدۇ. قاچقان بېلىقلار ماڭىدىغان باشقا جاي بولمى-
غاچقا، مانجاغا كىرىۋېرىدۇ، كىرگەنلىرى قايتىپ چىقال-
مايدۇ. ئەگەر بېلىق دەرھال لازىم بولمايدىغان بولسا،
بېلىقلارنى قوغلاپ يۈرمەيدۇ، مانجانى ئورنىتىپ قويۇپ
كېتىدۇ، خالىغان چاغدا كېلىپ بېلىقلارنى ئېلىپ كېتىدۇ.
مانجانىڭ يەنە بىر خىلى، تورقا يوق يەردە قىرچىن
قېپچىلىرىدىن توقۇلىدۇ. تور مانجادەك ئۇنداق چوڭ
بولمايدۇ، سۇكەندىن سەللا چوڭ بولىدۇ. بۇنى ئىشلە-
تىش ئۇسۇلى: بېلىق ئۆتۈشەلمەيدىغان قويۇق قو-
مۇش - پىچان، يېكەنلىكتىن مۇۋاپىق بىر جايىنى تاللاپ،
قومۇش - پىچان، يېكەننى ئورۇپ - قىرقىپ ئېرىقچە
چىقىرىلىدۇ، ئاندىن ئۇ يەرگە مانجانى يۇقىرىقىدەك
ئۇسۇلدا ئورنىتىپ قويىدۇ، بېلىقلارنى ھەيدەپ يۈرمەي-
دۇ. ئالدىنقى ئۇسۇلنى كۆپىنچە بېلىق دەرھال لازىم
بولغاندا، كېيىنكى ئۇسۇلنى بولسا بېلىقنى خالىغان ۋا-
قىتتا كېلىپ ئېلىۋالىدىغانغا قوللىنىدۇ. بولمىسا بېلىقلار

مانجادا تۇرۇۋېرىدۇ.

4) سانجىغاق، ئىلمەك، چاڭگاق، قارماق: بۇلارمۇ بېلىق تۇتۇشتىكى مۇھىم قوراللاردۇر. بېلىق ئاز، تېيىز سۇدا سانجىغاق (شاشقاق)نى ئىشلىتىدۇ. سانجىغاقتا ئاساسەن چوڭ بېلىقلارنى تۇتىدۇ، سانجىغاقنى بىكارغا سانجىمايدۇ، ھەر قېتىمدا چوقۇم بىر بېلىقنى سانجىپ چىقىدۇ. تېيىز سۇدا بىر ئادەم يالغۇز يۈرۈپمۇ ياكى بىر قانچە ئادەم قاتار بولۇپ مېڭىپمۇ ھەرىكەت قىلىدۇ. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ياكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا ماڭغان ھەرقانداق چوڭ بېلىق بېلىقچىلارنىڭ سانجىقىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن قاچسا بۇ چوقۇم سانجىۋالىدۇ. سانجىغاق ئىككى ئاچىلىق بولۇپ، ھەر بىر چوڭ تىلىنىڭ ئۇچىدا كىچىك تەتۈر تىلى بولىدۇ. سانجىغاققا سانجىلىپ قالغان بېلىق ھەرقانچە تىركاشلىسىمۇ بوشىنالمايدۇ، ئادەتتىكىچە تارتقانغىمۇ سانجىغاق چىقمايدۇ. بېلىقنى دەسسەپ تۇرۇپ ياكى بىر ئادەم تۇتۇپ تۇرسا، ئاندىن تارتىپ چىقارغىلى بولىدۇ.

ئىلمەكنىڭ دەستىسى ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇنىڭدا چوڭقۇر سۇدىكى بېلىقلارنى تۇتىدۇ، سۇدا نەچچە بېلىقنى كۆرگەن بولسا، ئۇلار قانچە قېچىپ يۈرسىمۇ ھامىنى بىر ـ بىرلەپ ھەممىسىنى ئىلىپ چىقىدۇ، تۇتماي قالمايدۇ. سانجىغاقنى كېمىدە تۇرۇپ، كۆپىنچە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك تېيىز يەردە سۇغا كېچىپ يۈرۈپ ئىشلەتسە، ئىلمەكنى كېمىدە تۇرۇپمۇ، دەريا، كۆل قىرغاقلىرىدا تۇرۇپمۇ ئىشلىتىدۇ. لوپنۇرلۇقلار لوخۇ بېلىقنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بېشى يوغان، ئاغزى ياپىلاققا مايىل، چوڭ بولغاچقا، پاقاباش بېلىق، دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇ قاسراقسىز بولۇپ، بەك تەملىك. بېلىقلار ئارىسىدا شۇنداق بېلىق بولۇپ قالسا، سەل كىچىك بولۇپ قالغان ھالەتتىمۇ ئالدى بىلەن شۇنى تۇتىدۇ.

چاڭگاق ئۈچ ئاچىلىق (ئۈچ تىللىق) كىچىك تۆمۈر ئارىغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئاچىلىرىنىڭمۇ كىچىك تەتۈرتىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا كىچىك بېلىق (تىرنا)لارنىڭ كاللىسىنى ئىلىپ قويۇپ، چوڭ بېلىقلار يۈرۈيدىغان جايدىكى دەرەخ يىلتىزىغا ياكى يەرگە چوڭقۇر قېقىلغان قوزۇققا باغلاپ قويۇلىدۇ. چوڭ بېلىقلار كۆپىنچە كۈندۈزى پىنھان جايدا ئۇخلاپ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاچقا، چاڭگاقنى كەچكە يېقىن باغلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ قارايدۇ. چاڭگاققا چىگە تانىسى بېكىتىدۇ. چىگە تالاسى سۇدا يىلتىزغا ئوخشاپ قالىدۇ ھەم سۇغا چىلانسا تېخىمۇ چىڭىپ كېتىدۇ. شۇڭا ھەر قانچە چوڭ بېلىق بولسىمۇ ئۇنى ئۈزەلمەيدۇ.

قارماقتا بېلىق تۇتۇش لوپنۇرلۇقلارغا نىسبەتەن سەل زېرىكەرلىك ئىش. بىر بېلىقنى دەپ خېلى ۋاقىتقىچە قارماق (گۆكۆ لوپنۇر شىۋىسى) يىپىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا قارماقتا كۆپىنچە باللار، قېرىلار، بەزىدە خوتۇن ـ قىزلار بېلىق تۇتىدۇ.

5) لوپنۇرلۇقلارنىڭ قۇرۇق قول بېلىق تۇتىدىغان يەنە بىر خىل ئۆزگىچە ئۇسۇلى بار. دەريا بويىدىكى سۇ يۈزىدىن تۆۋەن يەرگە دەريادىن ئېچىق ئېچىپ سۇ باشلاپ قويىدۇ. ئۇ يەرگە سۇ بىلەن بىرگە بېلىقلارمۇ كىرىدۇ. كىرگەن سۇنىڭ يۈزى دەريادىكى سۇنىڭ يۈزى بىلەن تەڭلىشىشكە ئاز قالغاندا ئېچىقنى ئېتىۋېتىدۇ. سۇ يەرگە سىڭىشىپ بېلىقلار پىلتىڭلاشقا باشلىغاندا سۇغا كىرىپ بېلىقلارنى تۇتىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا بېلىق تۇتۇش مەھەللە بويىچە ئۇيۇشۇپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىلەكتىن كىچىك بېلىقلار (تىرنىلار) دەرياغا قويۇۋېتىلىدۇ. تۇتۇلغان بېلىقلار ئالدى بىلەن قارانچىسى يوق قېرى ـ ئاجىز، تۇل ـ يېتىملارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، ئۇلاردىن ئاشقىنىنى بېلىق تۇتۇشقا قاتناشقانلار تەڭ بۆلۈشۈپ ئالىدۇ.

ئوۋچىلىق: ئوۋچىلىق 1950 ـ يىللارغىچىمۇ بېلىقچىلىقتىن قالسىلا لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. لوپنۇرنىڭ جاڭگال، توغراقلىقلىرىدا، چاتقاللىق ۋە ئوتلاقلىرىدا، دەريا ـ ئېقىن، كۆل ، سازلىقلىرىدا كېيىك، جەرەن، توشقان ۋە غاز، ئۆردەك قاتارلىق ھەر خىل ھايۋان، سۇ قۇشلىرى تولا. ئەتراپىدىكى تاغلاردىمۇ بار، ئەمما تۈزلەڭلىكتىكىدەك كۆپ ئەمەس. تاغلىرىدا ئارقار، قوتاز، تاغ تېكىسى، تاغ ئۆچكىسى، ئېيىق، بۆرە، سىلەسۈن، تۈلكە قاتارلىق ھايۋانلار بار. قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە ياۋا تۆگە بار. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىچىلىكمۇ تەكلىماكاندا، جۈملىدىن، لوپنۇردا يولۋاسنى كۆرگەنلەر بار. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ نەسلى يوقاپ كەتتى. لوپنۇرلۇقلار ھالال ياۋايى ھايۋانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىلۋەسۈن دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلۋەسۈنلارنى تۇتۇش، ئوۋلاش قورال‌لىرى: مىلتىق، ئوقيا، نەيزە، توزاق ـ قاپقان، سالما، قىسقا كالتەك قاتارلىقلار. ئىلۋەسۈنلارنى گۆشىنى دەپ، ئېيىق، بۆرە، تۈلكە، سىلەسۈن قاتارلىقلارنى تېرىسىنى دەپ ئوۋلايدۇ.

ئېيىق، بۆرە تېرىسىنى سېلىنجا قىلىدۇ. تۈلكە، سۆلەسۈن، داۋغان تېرىسىنى ئاساسەن باش كىيىمى قىلىشقا ئىشلىتى- دۇ. بوغاز مالنى، بولۇپمۇ بوغاز ئىلىقە سۈنلارنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيدۇ (قاپقان، تورزاقتا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغانلىرى بولسا ئامال يوق بوغۇزلىۋېتىدۇ، بول- مىسا جېنىنى جان ئېتىپ كېتەلىگىدەك ھالدا بولسىلا قو- يۇۋېتىدۇ). ناۋادا ئۇقماي قېلىپ ملتىق، نەيزە، ئوقيادا ئېتىپ سالسا، ئۇنى ئەھلى يۇرت بەك ئېغىر ئالىدۇ، ئې- غىزغا چىقىپ قالىدۇ. بۇ توغرۇلۇق لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا مۇنداق بىر قوشاق تارقالغان:

ئۇ بىر مارال ئاتىپتۇ،
ئاتساچۇ ئاناسىنى.
كۆرمەپتىمدۇ باغرىدا
ياتقان شۇ بالاسىنى.
ئۆلسۇن قۇرۇپ قورساقى،
خۇدا بەرسۇن جازاسىنى.

تۆگىنى بىرەر زۆرۈرىيەتتىن ئۇۋلىمىسا، ئادەتتە ئوۋ- لىمايدۇ. تۇتۇۋالسا ئۆلتۈرمەيدۇ، باقىدۇ. يۇڭ توشۇشقا ئىشلىتىدۇ.

چارۋىچىلىق: چارۋىچىلىقتا قوي، كالىنى ئاساس قى- لىدۇ، باققان ماللىرىنى ئاسانلىقچە ئۆلتۈرمەيدۇ، بولۇپمۇ ئۇرغاچى (چىشى) مالنى ئۆلتۈرمەيدۇ. ناۋادا ئۆيىگە يۈز - ئابرۇيلۇق ئەزىز مېھمان كېلىپ قېلىپ، دەرھال پىشۇرۇپ ئالدىغا ئېلىپ چىقىدىغان بېلىق ياكى گۆش بولمىغاندا، ئىلاجسىز قوي ئۆلتۈرىدۇ. بولمىسا ئادەتتىكى ئەھۋالدا كالا، قويلىرىدىن بىرەرسى ئاغرىپ ياكى زەخمە- لىنىپ قېلىپ، پىچاق سۇرۇۋەتمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغاندىلا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ بوغۇزلىۋېتىدۇ. قوينى يۇڭنى دەپ، سېغىن كالىنى سۈتىنى دەپ باقسا، ئۆي كالىنى يۈك كۆتۈرۈشلۈك دەپ باقىدۇ. قوي، ئۆچكە، بايتاللارنى ھەرگىز ساغمايدۇ. ئات، ئېشەكنى مىنىش ۋە قاتناش ۋاستىسى قىلىش ئۈچۈن باقىدۇ. ئاتنىڭ قۇيرۇق، يالىنى كەسمەيدۇ، ئۇنى ئاتنىڭ سۆلتى، دەپ قارايدۇ. ھەر بىر ئائىلىنىڭ چارۋا ماللىرىغا باسىدىغان ئەن تامغىسى بولىدۇ، قايسى خىلدىكى مال بولمىسۇن مەلۇم بىر يېرى- گىلا بېسىلىدۇ. شۇڭلاشقا قاراپ پالانى مال پۇستانى كى- شىنىڭ، دەپ پەرق قىلىشىدۇ. چارۋا ماللىرىنى ئوتلاقتا قويۇپ بېرىدۇ، مەخسۇس ئادەم بېقىپ يۈرمەيدۇ، لازىم بولغاندا ھەيدەپ كېلىدۇ، بولمىسا ھەپتە ھەتتا ئايلاپ يايلاپ يۈرۈۋېرىدۇ. يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، بىرى بىرىنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان ئەھۋال زادىلا بولمايدۇ.

### 4. يېمەك - ئىچمەكلىرى

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەكلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، باشقا يۇرتتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يې- مەك - ئىچمەكلىرىدىن زور پەرقلىنىدۇ. نۆۋەتتە لوپنۇر- لۇقلارنىڭ ساق - بېجىرىم بولۇشى، ئاساسەن ئاشقازان كېسىلى بولماسلىقى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، يۈز ياشقا بارغاندىمۇ چىشلىرىنىڭ تاسادىپىي بىرەر ئەھۋال بولمى- سىلا چۈشۈپ كەتمەي چىڭ تۇرۇشى قاتارلىق تەرەپلىرى ئوزۇقلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارالماقتا ۋە كىشىلەر بۇ تەرەپلەرگە قىزىقماقتا. شۇڭا ماقالىنىڭ بۇ بۆلىكىدە بىر ئاز تەپسىلىيرەك توختىلىمەن.

1) بېلىق، بېلىقنى ئىستېمال قىلىشتا باشقا يۇرتتىكىلەر لوپنۇرلۇقلارغا يەتمەيدۇ. ئۇلار بېلىقنىڭ ئۇستىخان - قىلتىرىق، ئۇتىدىن باشقا ھېچنېمىسىنى زايە قىلمايدۇ. بې- لىقنىڭ ئاستىنقى تاڭلىيىدا تۈگمىچىلىك چوڭلۇقتا بىر ئۇستىخان بار، تىرناقتا تاتىلىسىلا چىقىپ كېتىدۇ. يېڭى بېلىقنى پىشۇرۇش ياكى قاق قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى كو- چىلاپ ئېلىۋېتىدۇ. شۇنىڭدا بېلىق ئىنتايىن تەملىك پې- شىدۇ، ئېلىۋەتمىسە تەمسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇنى باشقا جايدىكىلەر ئانچە بىلمەيدۇ. يېڭى بېلىقنى ئىچ - قارنىنى ئېلىپ تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، پارچىلىماي قازانغا پۈ- تۈن سېلىپ، سۇس ئوتتا بوش قاينىتىدۇ. بېلىق پىشقاندىن كېيىن تەڭلىگە پەم بىلەن پۈتۈن پېتى ئېلىپ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ يېنىك سىلكىپ كۆتۈرسە گۆشى ئاجراپ چۈشۈپ ئۇمۇرتقا، قىلتىرىقلىرى ئاجراپ ئىسكىلىتتەك بولۇپ قا- لىدۇ. بۇنى خاس ئاتالغۇ بىلەن كەمچۆكلەش دەيدۇ. ئاند- ىدىن بېلىق گۆشىنى كاپاملاپ ئېلىپ يەيدۇ. ئاز - تولا ئارىلىشىپ قېپقالغان قىلتىرىقلارنى بىردىن تېرىپ، ئايرىپ يۈرمەي، جاۋغىيىنىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىرىۋېتىپ يەۋې- رىدۇ. گېلىدا قىلتىرىق تۇرۇپ قېلىشتىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيدۇ. ناۋادا گېلىدا قىلتىرىق تۇرۇپ قالسا، بېلىق تېرىسىدىن ئازراقىنى چالا چايناپ يەۋەتسىلا قىلتىرىق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

دەريا، كۆلدە بېلىق جىق ھەم سېمىز بولىدىغان ياز، كۈز كۈنلىرىدە بېلىقنى كۆپرەك تۇتۇۋېلىپ قاق قىلىۋالى- دۇ. قاق قىلىش ئىككى خىل بولۇپ، قاق قىلىش ئۇسۇلى

مۇنداق: بېلىقنىڭ قارنىنى يېرىپ ئىچقارنىنى ئېلىۋېتىپ سىرتلاپ، بىر قىسمىنى تۇزلاپ، بىر قىسمىنى تۇزلىماي قاق قىلىۋالىدۇ. بۇنى گەدەرمە قىلىش دەيدۇ. تۇزلىغان بېلىقنى بىر نەچچە كۈن ئاپتاپتا قويۇپ بىر ئاز ئەكچەگەندىن كېيىن، قارنىنى بىر ـ بىرىگە چاپلاپ ئىككىنى بىر قىلىپ ئون جۈپنى بىر توپ قىلىپ باغلاپ تەق قىلىۋېلىپ، قۇمغا چوڭقۇر كۆمۈپ ساقلايدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ساقلانغان گەدەرمە بېلىق قۇمدا بىر يىل كۆمۈكلۈك تۇرسىمۇ تەمىدىن كەتمەيدۇ. بۇ، بېلىقنى ئۇزاق ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى. چۈنكى، ياز، تومۇزنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقىدا قۇملۇقنىڭ ئۈستى گۆشنى كاۋاپ قىلىۋەتكىدەك دەرىجىدە قىزىپ كەتسىمۇ، بىر، بىر يېرىم مېتىر تىرەن قاتلىمى بىر خىل سالقىن بولىدۇ. قۇمغا كۆمۈپ ساقلىغان بېلىققا قۇرت، كۆيە چۈشمەيدۇ ھەم ئۇنى چاشقان يېيەلمەيدۇ (قۇمغا كۆمۈلگەنلىكى نەرسىگە چاشقان زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، چۈنكى چاشقان قۇمنى كولىيالمايدۇ). تۇزلىمىغان بېلىقنى ئۇزاق ساقلىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنداق قاق بېلىقنى ئالدى بىلەن ئۇدۇللۇق يەيدۇ.

بېلىق تالقىنى. يېڭى بېلىقنى جىق پىشۇرۇپ كەمچۈكلىۋالغاندىن كېيىن، ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتىدۇ. ئاندىن ئۇنى سوقۇپ تاسقاپ، جىگدىنىڭ تىرپىسى بىلەن پىشۇرۇلغان توخۇ، ئۆردەك، غاز تۇخۇملىرىنىڭ قۇرۇتۇپ تالقان ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن سېرىقىنى ئارىلاشتۇرىدۇ. بۇنى بېلىق تالقىنى دەيدۇ. بېلىق تالقىنى يەيدىغان چاغدا قايناق سۇغا ئازراق سېلىپ، بېلىق يېغى، قايماق، سىرىقماي ئارىلاشتۇرىدۇ. بۇ، بېلىق تالقىنى ئۇمىچى دېيىلىدۇ. بۇنداق ئۇماچتىن يېرىم چىنە ئىچىۋالسا قورساق تويىدۇ، ئوڭاي ھەزىم بولىدۇ. قۇۋۋەتلىك بولغاچقا قورساقنى ئاچۇرمايدۇ. جىگدە تىرپىسى مۇنداق چىقىرىلىدۇ: جىگدىنى (يېمىش جىگدە بولامدۇ، قاغا جىگدە بولامدۇ، ئوخشاش بولۇۋېرىدۇ) ئاز ۋاقىت سۇغا چىلاپ قويسا يۇمشايدۇ. سۇدىن سۈزۈپ ئېلىپ ئۇۋۇلاپ، ئۇرۇقچىسىدىن ئايرىۋېلىنىپ ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن يەنە ئۇۋۇلاپ يۇمشاق ئېزىپ، شالاڭ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ كېپىكى ئايرىۋېتىلىدۇ. جىگدە تالقىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى بېلىق تالقىنغا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندىن باشقا قالغان قىسمىنى ئايرىم ساقلاپ قويۇپ، ھەر قانداق سۇيۇق تاماققا تاتلىق تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن تېتىتقۇ ئورنىدا ئازراقتىن سالىدۇ.

تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىككى دەريانىڭ لوپنۇر دائىرىسىدىكى ئېقىن بۆلىكىدە چوڭ ـ كىچىك تارماق ئېقىنلار ۋە بۇ غول ئېقىن، تارماق ئېقىنلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا چوڭ ـ كىچىك كۆللەر نۇرغۇن ئىدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى بولغان بېلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئەھۋالىغا، ئائىلىۋى جان سانى ۋە باشقا ئەھۋالىغا قاراپ بىر جەمەت، ھەتتا ئائىلىلەر مەلۇم بىر كۆلنى، دەريا ـ ئېقىننىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئىگىلەپ ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇشقان. بەزى كۆل، ئېقىنلارنىڭ شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن. بەزى ئېقىن بۆلەكلىرى بىلەن كۆللەرنى جەمەت، ئائىلىلەر ئىگىلەپ ئولتۇرۇشتا بېلىق ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغاندىن باشقا، كۆزدە تۇتۇلغان يەنە بىر مۇھىم نەرسە غاز، ئۆردەك ۋە ئۇلارنىڭ تۇخۇملىرى. غاز، ئۆردەك گۆشى لوپنۇرلۇقلارنىڭ يەنە بىر خىل ئالاھىدە يېمەكلىكى بولسا، تۇخۇمنىڭ سېرىقى بېلىق گۆشى تالقىنغا قوشىمسا بولمايدىغان تەركىب. كۆللەردە قومۇش، پىچان (پىچان قومۇشنىڭ بىر خىلى بولۇپ، تېيىز كۆل، ساسلىقلاردا ئۆسىدۇ، بويى قومۇشتىن پاكار، پەس، غولى ئىنچىكە، يۇمران بولىدۇ. ئات، ئېشەك، كالىلارنىڭ ئوبدان يەملىكى)، يېكەن كۆپ، قويۇق ئۆسكەچكە، غاز، ئۆردەكلەرنىڭ ئوبدان پاناھگاھى بولۇپ، ئۇلار ئۇ يەردە ئۇۋا سېلىپ تۇخۇملايدۇ (بەزىلەر ئۆز يازمىسىدا «پىچان»غا يېكەن، دەپ مەنا بېرىپتۇ. يېكەننى ھېچقانداق ھايۋان يېمەيدۇ، پىچاننى بولسا يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئات، كالا، ئېشەك، قويلارمۇ ئالامەت يەيدۇ، «ئات، ئېشەكنى پىچانغا باغلاپ قويدۇم، كالىغا پىچان ئورۇپ بەردىم» دېگەندەك گەپلەرمۇ پىچاننىڭ يېكەن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ).

ئۇچۇي قورۇمىسى: بېلىقنىڭ ئۇچىيىنى بېلىقنىڭ ئىچ ياغلىرى بىلەن سۈس ئوتتا بوش قورۇپ، ناھايىتى ئاز مىقداردا ئۇجۇل تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا بېلىقنىڭ ئۆتىدىن باشقا ھەممە ئىچقارنىنى قوشۇپ يەنە بىر قېتىم بوش قورۇيدۇ، باشقا نەرسە قوشمايدۇ. بۇ بەك مەززىلىك، يېيىشلىك ھەم قۇۋۋەتلىك.

پوسلاق قۇيمىسى: يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۇچۇي قورۇمىسىنى پوسلاق (بۇنى باشقا جايدىكىلەر بېلىق كۆپتۈرگۈچى دەيدۇ، بېلىق ئۆپكىسى دەيدىغانلارمۇ بار) ئىچىگە

2008.5

سېلىپ يەنە بىر ئاز قايىنتىپ ئېلىپ ساقلاپ قويىدۇ. شەكلى قىزا ياكى ھېسىپقا ئوخشايدۇ. سەپەرگە، ئوۋغا چىققاندا ئېلىۋېلىپ ياكى ئۆيگە ئەزىز مېھمان كەلگەندە ئوتتۇرىدا قويۇپ كېسىپ ـ توغراپ يەيدۇ. ئىككى توغرام يېسىلا قورساق تويىدۇ.

بېلىق يېغى: بېلىق يېغىنى قازاندا كۆيدۈرۈپ ـ چەككىنلەپ ياكى ئاپتاپتا ئېرىتىپ ساقلاپ قويىدۇ. بېلىق تالقىنى ئۈمىچى، بۆلماق ۋە ئۈجۈل تالقىنى ئۈمچى ئەتكەندە ئۈستىگە ئاز مىقداردا قۇيىدۇ، تاماقنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلىك قىلىدۇ. بېلىق يېغىنىڭ ئاپتاپتا ئېرىتكىنىنىڭ سۈپىتى ياخشى، پايدىلىق ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى.

بېلىق كاۋىپى: ئىچقارنى ئېلىۋېتىلىپ سىرتلانغان يېڭى بېلىقنى بىر نەچچە يەردىن كېرىپ يۇلغۇن ياغىچىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ ياخشىسى سۆكسۆك چوغىغا (سۆكسۆك چوغىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شامالدىمۇ ياكى يەلپۈسىمۇ ھەرگىز كۈل توزىمايدۇ)، ئاندىن قالسا يۇلغۇن، قاقشال چوغىدا پىشۇرىدۇ. بۇنى چىچەش دەيدۇ. بېلىقنى مەيلى سۇدا پىشۇرسۇن، مەيلى چىچەش (كاۋاپ) قىلسۇن، تۇزدىن باشقا ھېچقانداق دورا ـ دەرمەك، خۇرۇچ سالمايدۇ، ئۆز تەمى بىلەن يەيدۇ.

2) ئۈجۈل: ئۈجۈل يېكەن توزغىقىنىڭ يېڭى چىققان ۋاقتى بولۇپ، مايلىشاڭغۇ، شىلىمشىق بولىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە يىغىپ بولۇش كېرەك. ۋاقتىدىن ئۆتۈپلا كەتسە، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىپ، كېرەكسىز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا يىغىش ۋاقتى كەلگەندە چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشى كېمىلىرىنى تايىشىپ دەريا، كۆللەردە ئۈجۈل يىغىدۇ. يىغىش ئۇسۇلى: ئۈجۈل ياغىچىنى يەنى يېكەن چېچىكىنىڭ غولىنى ئېگىپ خالتا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىگە قېقىپ ئۈجۈلنى چۈشۈرۈۋالىدۇ. بۇ ھەرىكەت ھەر بىر تۈپ يېكەنگە ئايرىم ـ ئايرىم قىلىنىدىغان بولغاچقا بەك قول تۇتىدۇ، ۋاقىتنى ئالىدۇ، شۇڭا ھەرىكەتتە تېز، چاققان بولمىسا بولمايدۇ. يىغىلغان ئۈجۈلنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تالقان قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭغا جىگدە تىرپىسى (تالقىنى) قوشۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۈجۈل تالقىنى بېلىق تالقىنىغا ئوخشاش لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكىنىڭ بىرى. ئۈجۈل بەك قۇۋۋەتلىك ھەم بەرىكەتلىك. تۆت ـ بەش جانلىق بىر ئائىلە ئوتتۇراھال بىر خالتا ئۈجۈل تەييارلىۋالسا، بىر يىل يېتىدۇ. بىر قازان ياكى گۆش شورپىسىغا ئىككى ـ ئۈچ قوشۇقلا سالسا كۇپايە، شورپا قويۇقلىشىپ ئۇماچتەك بولىدۇ. بىر قاچا ئىچىۋالسا يېرىم كۈنگىچە قورساق ئاچمايدۇ. ئۈجۈل تالقىنىدىن مۇنداق بىر نەچچە خىل تاماق قىلىپ يەيدۇ:

① ئۈجۈل بۆلمىقى، قايىنىغان سۇغا ئازراق سېلىپ چېلىپ ئېتىلىدۇ، چېلىپ بولۇپ سەللا قايناتسا قويۇقلىشىدۇ، جىگدە تالقىنىدىن بىر قوشۇق سېلىۋەتسە تېخىمۇ ياخشى، بۆلماق تاتلىقسىمان بولىدۇ. ئۈجۈل بولمىقى ناشتىدا يېيىلىدۇ.

② ئۈجۈل قاتۇرمىسى، بېلىق يېغىدا ھالۋىدەك قويۇق ئېتىلىدۇ. پىشقاندا لېگەندەك ياپىلاڭ قاچىغا ئۇسۇپ قويۇپ، سوۋۇپ سەل قېتىشقاندا ئۇزۇنتىغا، توغرىسىغا كېسىپ، تېخىمۇ قېتىشقاندا ئېلىپ ساقلاپ قويىدۇ، خالىغان چاغدا بىر كېسىمدىن يەيدۇ. ئۈجۈل قاتۇرمىسى پوسلاق قۇيمىسىغا ئوخشاش ئوۋغا، سەپەرگە چىققاندا ئېلىۋېلىپ يېيىشكە بەك قۇلايلىق.

③ ئۈجۈل تالقىنىنى شۇ بويىچە كاپ ئېتىپمۇ يېگىلى بولىدۇ.

3) ئۈجۈر: بۇ يېكەن يىلتىزى، ئۈجۈرنى ئېلىش ئۇسۇلى: سۇغا كىرىپ يېكەن يىلتىزى بار يەرنى پېتقلاپ يۇمشاتقاندىن كېيىن، يىلتىزنىڭ ئۈچى تەرىپىنى ئۈزۈپ ئالىدۇ. ئۈجۈر شۈپۈكلىۋەتكەن يېڭى غول پىيازدەك ئاق، چۈرۈچ بولىدۇ. سۇدا يۇيۇۋېتىپ يەۋېرىدۇ. ئۈجۈرنى كۆپىنچە باللار يەيدۇ (مەلۇم بىر ماقالىدە لوپنۇرلۇقلارمۇ يېكەن يىلتىزىنى ئۈجۈر دەيدىكەن، دەپ يېزىلىپتۇ. ئېھتىمال، ئۈجۈلغا ئاھاڭلاشتۇرۇپ شۇنداق يېزىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك. تەكىتلەپ قوياي، يېكەن يىلتىزىنى لوپنۇرلۇقلار ئۈجۈر ئەمەس، ئۈجۈر دەيدۇ. بۇ، بىر ئاتالغۇنى توغرا ئاتاش مەسىلىسى بولغاچقا، بۇ گەپنى قىستۇرۇپ قويدۇم).

لوپنۇرلۇقلارنىڭ يۇقىرىدا دېيىلگەن ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر تائام ـ يېمەكلىكلىرى تىزىملىكىدە يوق. بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، قۇۋۋەتلىكلىكى، يەڭگىل، تېز ھەزىم بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا قورساقتا تۇرىدىغانلىقى، قورساقنى ئاچۇرمايدىغانلىقىدەك خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

4) گۆش. لوپنۇرلۇقلارنىڭ گۆشنى ئىستېمال قىلىش، پىشۇرۇش ئۇسۇلىمۇ كۆپ ھەم ئۆزگىچىرەك. گۆشنى سۇدا

پىشۇرماق بولسا سوغۇق سۇغا سالماي، سۇ راسا قايناـ
غاندىن كېيىن سالىدۇ. بۇنىڭدا كۆپۈك ئاز بولىدۇ. دېمەك،
كۆپۈكنى ئالدىم دەپ، شورپىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى
ئېلىۋېتىشتەك ئەھۋال بولمايدۇ. يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن مالـ
نىڭ گۆشىنى ھەرگىز ئىسسىق چېغىدا قازانغا سالمايدۇ،
بىر ئاز شامالدىتىۋېتىپ ئاندىن پىشۇرىدۇ. ئۇلار گۆشنى
سۇدا پىشۇرۇپ يېگەندىن باشقا، تۆۋەندىكىدەك بىر
نەچچە خىل كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ:

① قۇم كاۋاپ: ئالدى بىلەن قۇمنى ئازراق كولاپ
ئازگال قىلىپ، ئۇ يەرگە ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت يېقىۋېتىدۇ.
ئاندىن كاۋاپ قىلىنىدىغان مالنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ،
گۆشنى ئۇستىخاندىن ئاجرىتىپ ماشاپ (گۆشنى چوڭ ـ
چوڭ پارچىلىغاننى ماشاش دەيدۇ)، تەڭشەلگەن تۇز سۇ ـ
يىنى گۆشكە سېپىپ بولۇپ تۇلۇمغا سالىدۇ. تۇلۇمنىڭ
ئاغزىنى چىڭ ئېتىپ قىزدۇرۇلغان قومغا كۆمىدۇ. بۇنى
كۆممە كاۋاپمۇ دەيدۇ.

② قېرىن كاۋاپ: قېرىن كاۋاپ بىلەن قۇم كاۋاپنىڭ
تەييارلىنىشى، پىشۇرۇلۇشى ئوخشاش، ئوخشىمايدىغان
يېرى ئالدىنقىسىدا گۆش تۇلۇمغا سېلىنىدۇ، كېيىنكىسىدە
بولسا گۆش قېرىنغا سېلىنىدۇ. قۇم كاۋاپ بولسۇن، قېرىن
كاۋاپ بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەمى ئوخشاش، ئە ـ
چى ـ ئىچىدىن، قان ـ قېتىدىن يۇمشاق پىشىدۇ، ئىنتايىن
يېيىشلىك، مەززىلىك.

③ جاڭگال كاۋاپ: بۇ دالا كاۋاپىمۇ دېيىلىدۇ. جاڭ ـ
گال، دالىدا ۋە دەريا، كۆللەردىن ئوۋلاپ تۇتقان ئىلىۋە ـ
سۇن ۋە غاز، ئۆردەك گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېمەك بولسا،
گۆشنى يۇلغۇن زىقىغا ئۆتكۈزۈپ غولۇتمان (گۈلخان)
چوغىغا قاقلاپ پىشۇرىدۇ. بۇنداق كاۋاپ سەل قۇرغاق،
قاتتىقراق بولىدۇ.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە چالما
دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تائامى بار. بۇ ئاددىي تائام
بولۇپ، ئەتمەك ئاسان، ھېچقانداق باشقا تەركىب قوشۇلـ
مىغان قايناق سۇغا ئاز مىقداردا ئۇجۇل، جىگدە تالقىنى
سېلىپ چالىدۇ. ئۇسسىغان چاغدا ئازراق بېلىق يېغى ياكى
قوي يېغى سېلىۋېتىدۇ. بۇمۇ ئۇجۇل، جىگدە تالقىنى ئۇ ـ
مىچىغا ئوخشاش تەملىك، يېيىشلىك، سىڭىشلىك بولىدۇ
ھەم قورساقنى ئاچۇرمايدۇ. جىگدە تالقىنىنىڭ تالقان، تا ـ
ئاملارغا تەم كىرگۈزۈشتىن باشقا يەنە بىر ئالاھىدىلىكى،
ئاشقازاننىڭ تىرىپسىنى ئاسراش، ھەزىم قىلىشنى كۈچەيـ
تىشكە ياردەم بېرىش رولى بار.

5) لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھەرقانداق تائام سۈيىگە قوشـ
ىدىغان بىر خىل سۇ بار، ئۇ بولسىمۇ تۇغراق سۈيى،
تۇغراق سۈيىنى ئۇلار مۇڭگۇ سۈيى دەيدۇ. «تۇغراق مىڭ
يىل كۆكىرىپ ـ كۆكلەپ تۇرسا، قۇرۇپ قېلىپمۇ ئۆرۈلـ
مەي مىڭ يىل ئۆرە تۇرىدۇ. ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ مىڭ يىل
قۇم ئاستىدا ياتسىمۇ چىرىمەيدۇ. چىڭلىقىدىن كەتمەيدۇ»
دەيدىغان بىر گەپ بار، لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا. مېنىڭچە
بۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن گەپ بولماستىن، بەلكى رېئاللىققا
ئۇيغۇن. ئالايلۇق، كىروران، مۇرەن، كىچىك مۇرەن ۋە
يىڭغەن (قاقشاللىق) خارابىلىكلىرىدىكى قەبرىستانلىقتىكى
تىكلەكلىك تۇرغان شۇنچە نۇرغۇن تۇغراق ياغاچ ـ كۆ ـ
تەكلىرىنىڭ ئالدىغا 4 مىڭ يىلدىن ئارتۇق، ئەڭ كېيىنكىـ
لىرىگىمۇ 3 مىڭ يىلدىن ئاشقانلىقى تەتقىقاتتا ئايان بولـ
دى. ئۇلار كېسىلىشتىن ئىلگىرى نەچچە يۈز يىللار كۆكە ـ
رىپ تۇرغان بولغىيتتى تېخى. خۇلاسە كالام شۇكى، تۇغـ
راق ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىرى. مۇشۇ
گەپكە كۆرە لوپنۇرلۇقلار «مۇڭگۇ سۈيى، تۇغراق سۈيى
ئىچىپ بەرسە ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ»، دەپ
قارايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق تامىقىغا تۇغراق سۈيى قوشىدۇ.
تۇغراق سۈيى مۇنداق ئېلىنىدۇ: راسا باغجاللاپ كۆكلەـ
ۋاتقان ياش تۇغراقنىڭ چوڭ غول شېخىنى پالتا بىلەن
چېپىپ، يەرگە ئۇنىڭغا ئۇدۇل قىلىپ قاچا قويۇپ قويىدۇ.
زەخىملەنگەن جايىدىن بۇژۇلداپ سۇ تەپچىپ چىقىپ قا ـ
چىغا تامچىلاپ چۈشىدۇ. تۇغراق سۈيى سەل تۇزلۇق،
قىرتاق بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئۆز پېتى ئىچمەي، تائاملارغا
تېتىتقۇ ئورنىدا ئاز مىقداردا قويىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ ھەپـ
تىگىچە قويۇق تامچىلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بارغانسېرى
ئازلايدۇ. «جاراھەتلەنگەن» جايدا كۆپۈكچە پەيدا بو ـ
لۇپ، بۇ كۆپۈكچە ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ قېتىشقا
باشلايدۇ. مانا بۇ خېمىر بولىدۇرغۇ. تۇغرىغۇ، تۇغراق
سۈيى يوق چاغدا تۇغرىغۇنى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ھەر
قېتىملىق تاماققا شۇ سۇدىن بىر ئاز قوشىدۇ. ئىلگىرى
ناۋايلاردىن تارتىپ ھەممە ئائىلىلەر خېمىرنى كۆپتۈرۈش
ئۈچۈن تۇغرىغۇ سۈيىنى ئىشلىتەتتى، ھازىر سودا ئىشلەـ
تىدىغان بولۇۋالدى. لوپنۇرنىڭ كۆپ جايلىرىدا ھازىرمۇ
تۇغرىغۇ ئىشلىتىدۇ.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ تائاملىرىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك
بىر نەچچە ئارتۇقچىلىقى بولغاندىن باشقا، ئۇلار شۇنچە

ياشىنىپ قالسىمۇ ھەزىم قىلىش ئەزالىرى ئاجىزلىمايدۇ. بۇ
يېمەكلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بۇنداق بولۇشتا
يەنە بىر ئامىل بار: ھەممە ئائىلە توخۇ، ئۆردەك، غاز-
لارنىڭ تاشلىقىنى قۇرۇتۇپ سوقۇپ تالقان قىلىۋېلىپ
ساقلايدۇ. بىرەرسىنىڭ ھەزىم قىلىشىدا سەللا كاشىلا كۆ-
رۈلسە شۇئانلا تاشلىق تالقىنىدىن بىر چىمدىم كاپ ئېتى-
ۋالىدۇ ـ دە، شۇئانلا ئوڭشىلىپ قالىدۇ. يەنە ئالايلۇق،
لوپنۇرلۇقلاردا چىشلىرى ئىنچىكە ـ سىرتىغا، ھەرەڭ ـ
سەرەڭ ئۆسۈپ قالىدىغان نورمالسىزلىق كۆرۈلمەيدۇ.
بۇنداق بولۇشتا، ئۇلار ئۆۋلىغان توشقانلارنىڭ ئېزىق
چىشلىرىنى ئېلىۋېلىپ قورۇپ سوقۇپ تالقانلاپ ساقلاپ
قويىدۇ. خۇددى ھەممە ئائىلە توخۇ، ئۆردەك، غاز تاشلىقى
تالقىنىنى ساقلىغاندەك. توشقاننىڭ ئېزىق چىشى تالقىنى-
نىمۇ ساقلايدۇ. بالىنىڭ ئىككىنچى قېتىم چىققان چىشىدا
ھېلىقىدەك نورمالسىزلىق كۆرۈلسىلا بىر مەزگىلگىچە
توشقان چىشى تالقىنىنى يېگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نورمال-
سىز چىش ئۆز ئورنىنى تېپىپ قاتارلىشىدۇ.

ئۇلار ئىستېمال ئەنئەنىسىدە قورۇغان تاماق يېمەيدۇ،
بۇ بىر؛ ئىككىنچىدىن، ھەرقانداق ئېچىتقان قويۇق ـ
سۇيۇق نەرسىنى ئىستېمال قىلمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ھەر-
قانداق ئەھۋالدىمۇ تاماقنى قىزىق چېغىدا يېمەيدۇ. تاماق
پىشقاندىن كېيىن، قازاننى ئوچاقتىن ئېلىۋېتىپ ياكى تا-
ماقنى تەڭلىگە ئۇسۇپ قويۇپ، سوۋۇغاندىن كېيىن يەيدۇ.
تاماقنى قىزىق پېتى يېسە (ئىچسە) چىشقا، گالغا (قىزىل-
ئۆڭگەچكە)، ئاشقازانغا زىيانلىق، دەپ قارايدۇ.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ كىشىنى چاڭقىتىپ تۇرىدىغان تو-
مۇزدا ۋە سەپەرلەردە ئىچىدىغان ئۆزگىچە بىر خىل ئۇس-
سۇزلۇقى بار. قايناقسۇغا ئازراق ئۇجۇل تالقىنى سېلىپ
(كېيىن ئۇجۇل تالقىنى ئورنىغا ئۇن سالىدىغان بولدى)،
سۈت قوشىدۇ، جىگدىدىن يەتتە ـ سەككىز تال تاشلاپ
قويىدۇ. سوۋۇغاندا (ئىچىش كېرەك بولغاندا ئىچىلىدۇ)
ئىككى يۇتۇم ئىچسىلا ھەرقانداق چاڭقاقنى باسىدۇ.

ئۇلار يەنە ئۆز جايىدىكى بەزى ئەۋزەللىكلەرنى باي-
قاپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن:
جىگدىنىڭ گۈل ـ چېچىكىنى، يوپۇرمىقىنى دەملەپ چاي
قىلىپ ئىچىدۇ. ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا
جىگدىنىڭ، بولۇپمۇ لوپنۇر جىگدىسىنىڭ ھەممە نېمىسى
ئۇيقۇسىزلىق، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىق كۆپ خىل
كېسەللەرگە ئىنتايىن شىپا بولىدىكەن. لوپنۇر جىگدىسى
تالالىرىدىن تىكىلگەن ھەر خىل ئىچ كىيىملەر بازارغا سې-
لىنىپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. لوپنۇرلۇقلار يەنە جىگدە-
نىڭ يىلتىزىنى بوتقا بولغىچە قاينىتىپ، تائاملارغا قوشۇپ
ئىستېمال قىلىدۇ. بۇنىڭدا كىشى تۈرلۈك ئۆسۈشاق كېسەل
ئاغرىقلاردىن خالىي بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

جىگدىنىڭ گېپى بولۇنغان مۇشۇ پۇرسەتتە بىر مەس-
لىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. لوپنۇر جىگدە-
سىنى خەنزۇچە (لوبۇما) دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئېھتىمال
«جىگدە»نىڭ خەنزۇچە ئاتالغۇسىنىڭ يوقلۇقىدىن ھەم
يەنە لوپنۇر جىگدىسىنىڭ باشقا جايلاردىكى جىگدىلەرگە قا-
رىغاندا يۇقىرىقىدەك بىر نەچچە جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى
بولغاچقا، پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىۋاتسا كې-
رەك. لېكىن كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، ئۇ ئۆسۈملۈك-
نىڭ جىگدە دەپ ئۇيغۇرچە خاس ئاتالغۇسى بار تۇرۇقلۇق
ھازىر ئۇيغۇرچىسىدىمۇ «لوپ كەندىرى» دېيىلىۋاتىدۇ
ھەم شۇنداق يېزىلىۋاتىدۇ. كەندىر (خەنزۇچە ‹ما› دېيى-
لىدۇ) دۆلەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن، ئادەمگە زىيانلىق
زەھەرلىك ئۆسۈملۈك. جىگدە (بولۇپمۇ لوپنۇر جىگدىسى)
بولسا يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۇق: ئۇچىدىن يىلتىزىغىچە ـ
ھەممە نېمىسى ئادەمگە پايدىلىق، دورىلىق ئۆسۈملۈك.
شۇنداق ئىكەن، پايدىلىق، دورىلىق نەرسىنى ئۆز نامى
بىلەن ئاتىماي، زەھەرلىك، يەنە كېلىپ چەكلەنگەن نەر-
سىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغىنىمىز قانداق بولار. ئەسلىدە
بۇنىڭغا تىل ـ يېزىق خىزمىتى ئورگىنى، تىلشۇناسلار بىر
نېمە دېسە بولاتتى، ئەپسۇس، ئۇلار بۇ توغرۇلۇق بىر
نەرسە دېمەيۋاتىدۇغۇ ـ تاڭ!

### 5. كىيىنىش ئادىتى ــ كىيىم ـ كېچەكلىرى

ئۇلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىغىچە، ھەتتا
قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكىلەر 20 ـ ، 30 ـ يىللىرىغىچە-
لىكمۇ قوي ۋە باشقا ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋايى ھايۋانلار-
نىڭ تېرىلىرى، قوي يۇڭى، چىگە، تورقا تالالىرىدىن قولدا
توقۇلغان پالاز، چەكمەن، شايىنى ئاساسلىق كىيىم مەنبە-
سى قىلىپ كەلگەن. كىيىملىرىنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى كې-
يىملىرىمىزنىڭ ياللامىسى بولسا، بەزىلىرى ئۆز شارائىتىغا
مۇۋاپىق تاللىۋالغان ۋە ياراتقان كىيىملەر بولۇپ، تۈر
شەكىللىرى كۆپ ئەمەس ھەم تۈز، ئاددىي.

1) باش كىيىملىرى: ئەر ـ ئاياللار قىشتا بىردەك تۇماق،
قۇلاقچا؛ يازدا قالپاق، دوپپا كىيىدۇ. ئەرلەر قىشتا ئاساسەن
ئۆلۈك ياكى تاشلىغان سالۋا تۇماق، قوي تېرىسىدىن

تىكىلگەن تاشلىغان قاسقان تۇماق ياكى ئالدى سىدام، ئىككى يېنى، ئارقىسىدا ياپقۇچى بار قۇلاقچا كىيىپ كەلگەن. بۇنداق قۇلاقچىنى چاپۇش دەپ ئاتايدۇ. يازدا كۆپرەك يۇڭدا بېسىلغان ياكى چەكمەننى ئەستەرلەپ شىرىپ تىككەن قالپاق كىيىدۇ. قالپاق كاناي شەكىللىك، قىرغىز قالپاقسىمان، شىلەپىگە ئوخشاش ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ. كاناي گۈلسىمان قالپاق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى باش كىيىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، لوپنۇرلۇقلاردا دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ قالغان. قىرغىز قالپاقسىمان قالپاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئازراق يېرىقى بولىدۇ، ئادەتتىكى ئاھۋالدا يېرىقنىڭ بىرىنى ئالدىغا، بىرىنى كەينىگىچە قىلىپ كىيىدۇ. بەك ئىسسىقتا ياكى شامال ـ بوران چىققاندا يېرىقنى يانغا كەلتۈرۈپ كىيىپ، قالپاقنىڭ قاسقىنىنى يېرىم چۈشۈرۈۋالىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بىرى، ئىسسىقتا سايىۋەن بولسا، يەنە بىرى، گەدەندىن ئىچىگە قۇم كىرىپ كەتمەسلىككە دالدا بولىدۇ. ئاياللار ئەلتېرە ـ كۆرپە، مۇلۇن، قۇندۇز تېرىسىدىن پەس، سىپتا تىكىلگەن قاسقانلىق تۇماق كىيىپ كەلگەن (ھازىرمۇ كىيىدىغانلار بار). لوپنۇر ئاياللىرىنىڭ 70 ياشتىن ئاشقانلىرىنىڭ، ئايرىم ئەھۋالدا 60 ياشتىن ئاشقانلىرىنىڭ لىچەك ياكى ياغلىق چىگىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياغلىق، پەرەنجە، چۈمبەل ئارتىش، يۈزىنى يېپىش ئادەت قىلىنمىغان.

2) كىيىملىرى: ئەر ـ ئاياللار ئادەتتە كۆپىنچە تىزىغىچە كېلىدىغان يۇڭ چاپان كىيىدۇ. بۇنداق چاپاننى چەچەكەن دەپ ئاتايدۇ. ئاياللارنىڭ چەچكىنى يۇڭ تۇجۇپىلەپ ساۋىلىپ (ئېتىلىپ)، ئىنچىكە ئىگىرىلگەن يىپتا سىپتا توقۇلىدۇ. كۆڭۈل قويۇپ تىكىلىدۇ. ئەرلەر چەچەكەندىن باشقا يەنە قوي تېرىسىنى پىششىقلاش ـ ئاشلاش ئارقىلىق تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان ـ تاشلىق جۇۋا كىيىدۇ. بۇنى ئۈچۈك دەپ ئاتايدۇ. ئەرلەر چەچەكەن بىلەن ئۈچۈكنىڭ ئىچىگە ئالدى ئوچۇق، ئۆرە ياقىلىق كۆڭلەك كىيىدۇ. بۇنى چامچا دەيدۇ. بەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە پالاز ئىشتان كىيىدۇ. پالاز ئىشتان ئىچىگە ئەستەر تۇتۇپ كىيىدۇ. ئەستەرلىمىگەن بولسا ئىچىگە چىگە ۋە تورقا تالالىرىدا ئېتىلگەن يالاڭ تامبال كىيىدۇ. بۇنداق كىيىم قىشتا ئىسسىق، يازدا سۆرۈن بولىدۇ. ئاياللار قىشمۇ ياز تور تالاسىدا توقۇلۇپ تىكىلگەن شايى كۆڭلەك كىيىپ، ئۈستىدىن جىلىتكە كىيىۋالىدۇ، جىلىتكىنى ئىجەك دەيدۇ (بۇ «دىۋان»دا ئاتىلىشى بىلەن ئوخشاش. جىلىتكە رۇسچە سۆز).

ئۇلاردا ئەرلەر ئوۋغا چىققاندا ھەم مالچىلار كىيىدىغان «كېپىنەك تون» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىيىم بار. بۇ چاپان قوي يۇڭى يىپىدا كىگىز، پايپاق ئىشلەنگەندە ئىشلىنىپ ياسىلىدۇ، قولتۇقى كەڭ بولىدۇ. تارتىشىپ قالمايدۇ. ئوۋچىلار، مالچىلار گۈلخان ئەتراپىدا يانپاشلاپ ياتسا ھەم سېلىنچىلىق، ھەم يېپىنچىلىق رولىنى ئوينايدۇ.

كىيدىم كېپىنەك تونىنى،
گۈلخاندا ياتارمەن دەپ.

خەلق ناخشىلىرىنىڭ بىرىدە دەل قىلىپ ئەنە شۇنداق دېيىلىدۇ (1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇ چاپاننىڭ مودىلىق كۆڭلەك، كوپتىسى چىقىپ بىر مەھەل خېلى كەڭ تارقالدى، ھازىرمۇ يەنە بار).

3) ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىمى چوڭ جەھەتتە ئىككى خىل بولۇپ، چورۇق ۋە شىۋاندىن ئىبارەت. شىۋاننىڭ ئۆزىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، چورۇق شىۋان، ئۇنىڭ باشلىقى چورۇقتەك پۈرۈپ تىكىلىدۇ، ئارقا تەرىپىدە بوغقۇچى بولىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، پۈرۈپ تىكىلگەن قونچ قوشۇپ تىكىلىدۇ. باشلىقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە گۈل چىقىرىلىدۇ، پاشنا قويۇلمايدۇ. بۇنداق ئۆتۈك يۇمشاق بولىدۇ، بۇنداق ئۆتۈكنى چېتىك دەپ ئاتايدۇ. چېتىكنى ئاساسەن ئوتتۇرا، چوڭ ياشلىق كىشىلەر كىيىدۇ. قۇملۇق، قۇمساڭغۇ يەرگە بەك ماس كېلىدۇ، يەرگە پاتمايدۇ. چورۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى، شۇنداقلا ئىپتىدائىي ئاياغ كىيىمى. تەرەققىي قىلىپ چورۇق ئۆتۈك (كارۋان ئۆتۈكمۇ دېيىلىدۇ) ۋە ئادەتتىكى ئۆتۈك شەكلىگە كەلگەن. شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۆتۈك تارىملىقلارنىڭ، جۈملىدىن لوپنۇرلۇقلارنىڭمۇ ھەم ئىنسانىيەتنىڭ ئاياغ كىيىم مەدەنىيىتىگە قوشقان بىر تۆھپىسى بولۇپ، «دۇنيا بويىچە تۆت چوڭ مەدەنىيەت مەركىزىدىن ياغاچتىن ياسالغان، چىغسىمان ئۆسۈملۈك نوتىلىرىدىن ياسالغان ئاياغ كىيىم ئەۋرىشكىسىدىن باشقا، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر باشقا رايونلاردىن ئۆتۈك ئەۋرىشكىسى تېپىلمىدى» ①.

---

① (ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ تېپىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1983 ـ يىل 3 ـ ساندىن ئا. ھەببۇللانىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» دېگەن كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل يۇقىرىقى بۇ بىر ئابزاس «لوپنۇر ئەسلىمىلىرى» دېگەن كىتابىمدىن ئېلىندى ـ (ئا).

(ئاپتور: كورلا باينغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)




### ئەسكەر

بىر توپ ئەسكەر دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قاپتۇ. ئوفىتسېر ئەسكەرلەرگە:

— ئەسكەرلىرىم، باتۇرراق بولۇڭلار! ھايات قالىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم ئىككى قولىمىزغا تايىنىشىمىز كېرەك، چۈشەندىڭلارمۇ؟ — دەپتۇ.

ئەسكەرلەر:

— چۈشەندۇق، — دېيىشكىنىچە دۈشمەنلەرگە تەسلىم بوپتۇ.

* * *

توي كېچىسى يىگىت قىزدىن سوراپتۇ:

— سىز بۇرۇن مەندىن باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ باققانمۇ؟

قىز بۇ سوئالنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ كېتىپتۇ. يىگىت قىزنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— خاپا بولماڭ، مۇنداقلا سوراپ قويغان.

قىز:

— نېمىگە خاپا بولاتتىم، مەن تېخى ساناپ بولالمىدىم.

### پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش

ئايال دوستىغا دەپتۇ:

— مېنىڭ يولدىشىم ئىلگىرى ئاچچىقى كەلسە دائىم چىشىنى غۇچۇرلىتاتتى، لېكىن ھازىر ئۇنداق قىلمايدۇ.

دوستى:

— بۇنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئايال:



— ئۇنىڭ يالغان چىشىنى ئېلىۋېلىپ يوشۇرۇپ قويدۇم.

### خورۇم ئاياغ

تەبىئەت مۇئەللىم دەرس ئارىلىقىدا بىر ئوقۇغۇچىدىن:

— پۇتۇڭغا قانداق ئاياغ كىيىۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوقۇغۇچى:

— خورۇم ئاياغ.

— قېنى دەپ باقە، خورۇم نەدىن كەلگەن؟ — سوراپتۇ مۇئەللىم. ئوقۇغۇچى:

— ... ... ...

— سېنى خورۇم بىلەن تەمىنلىگەن زادى قايسى ھايۋان دەۋاتىمەن؟ — دەپ قايتىلاپ سوراپتۇ مۇئەللىم. ئوقۇغۇچى دەرھاللا:

— دادام، — دەپتۇ.

### قۇلىقى يۇمشاق بالا

مۇئەللىم سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن مۇنداق سوئال سوراپتۇ:

— قايسىڭلار ئاسمانغا چىقىشنى ئارزۇ قىلىسىلەر؟

سىنىپتىكى ھەممە بالىلار قول كۆتۈرۈپ پەقەت بىرلا بالا قول كۆتۈرمەپتۇ. مۇئەللىم ھەيران بولۇپ:

— سەن نېمىشقا قول كۆتۈرمەيسەن، — دەپ سوراپتۇ. ئوقۇغۇچى:

— ئاپام مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەل دېگەن.

### ئاپام

كىچىك بايۋەچچىنىڭ باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان چاغلىرى ئىكەن. بىر كۈنى تەبىئەت دەرسىدە مۇئەللىم ھايۋانلارنى توغرا تونۇش توغرىلۇق سۆزلەۋېتىپ ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ:

— بىر ئىككى پۇتلۇق ھايۋان بار، كۈندە ئەتىگەندە كۈن چىقىش بىلەنلا بىزنى ئورنىمىزدىن تۇرۇشقا ئويغىتىدۇ، ئۇ قايسى ھايۋان؟

— كىچىك بايۋەچچە چاققانلىق بىلەن قول كۆتۈرۈپ:

— ئاپام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### ئىمتىھان

كىچىك بودىنىڭ ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرى

MIRAS

ئىكەن، بىر كۈنى بودى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ كەچلىك تاماق يېيىشتىن بۇرۇن كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ: «ئاھ پەرۋەردىگارىم، مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، شىنجاڭنىڭ مەركىزىنى توقسۇنغا يۆتكەپ قويغان بولساڭ» دەپ پەچىرلاپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاپىسى ھەيران قېلىپ بوددىنى سوراپتۇ:

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن. شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى تۇرسا، نەرى ياخشى ئەمەسكەن؟

— ياخشىلىقىغۇ ياخشى، لېكىن مەن بۈگۈنكى ئىمتىھاندا شىنجاڭنىڭ مەركىزى توقسۇن دەپ يېزىپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ.

### مەست

بىر مەست ئېھتىياتسىزلىقتىن بىنانىڭ 3 - قەۋىتىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئەتراپىغا بىردەمدىلا ئادەم توپلىنىپ كېتىپتۇ. ساقچى توپ ئارىسىغا كىرىپ سوراپتۇ:

— نېمە ئىش بولدى؟


— بىلمىدىم، مېنىڭمۇ ھازىرلا بۇ يەرگە كېلىشىم، — دەپتۇ مەست.

### ئەيدىز

بىر ئايال راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قاپتۇ. بالىلىرى ئاپىسىغا تەلمۈرۈپ قاراپ:

— ئاپا، ساقىيىپ كەتسەڭ بولاتتى، ئەگەر ياخشى كۈنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا بىز ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا قانداقمۇ قىلارمىز، — دەپتۇ. ئاپىسى بالىلىرىغا تەسەللى بېرىپ:





— ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئاپام ئەيدىز بىلەن ئۆلۈپ كەتتى دەڭلار، داداڭلار ھەرگىز ئۆيلىنەلمەيدۇ.

### ئاپام شۇنداق دېگەن

كىچىك بايۋەچچە ئىنتايىن شوخ بولۇپ، بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر ساقچىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ۋە:

— سىز ساقچىما؟

— شۇنداق، نېمە بولدى؟ — سوراپتۇ ساقچى. بايۋەچچە:

— ئاپام قانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىساڭ ساقچىنى ئىزدە دېگەنتى.

— ئاپاڭ ناھايىتى توغرا ئېيتىپتۇ، — دەپتۇ ساقچى مەغرۇر ھالدا.

— ئەمىسە ئايغىمنىڭ بوغقۇچىنى چىگىۋېتىڭە.

### نېمىنى كۆردۈڭ

بىر كۈنى جون ياردەمچىسىنى ئېلىپ ئېكسپېدىتسىيەگە چىقىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە كەچ كىرىپ چېدىر تىكىپ شۇ يەردە ئارام ئاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا جون ئويۇقسىز ئويغىنىپ كېتىپ ئاسمانغا قارىسا نۇرغۇن يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغىدەك، ئۇ ياردەمچىسىنى ئويغىتىپ:

— ھەي، كۆزۈڭنى ئاچ، ئاسمانغا قارا نېمىنى كۆردۈڭ؟

ياردەمچىسى ئاران ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ئاسمانغا بىر قۇر قارىۋېتىپ:

— پاھ، نېمىدېگەن جىق يۇلتۇزلار!!! ئالەم نېمىدېگەن چەكسىز ھە! — دەپ سۆزلەپلا كېتىپتۇ.

خوجايىننىڭ ئاڭلاشقا تاقىتى قالماي:

— ھۇ دۆت، تېخىچە بىلمىدىڭما!؟ بىزنىڭ چېدىرىمىزنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ!

توپلىغۇچى: **مېھرىگۈل قادىر**



# يىپەك يولىدىكى مازار مەدەنىيىتى تەتقىقاتى



«يىپەك يولىدىكى مازار مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2008 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ئالماشتۇرۇش مەركىزى يەنى قىزىلكۆل مېھمانخانىسى ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنسانشۇناسلىق ـ فولكلور تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، ياپونىيە تويوتو فوندى جەمئىيىتى بۇ قېتىملىق يىغىنغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. يىغىننى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور ئارسلان ئابدۇللا، راھىلە داۋۇت، ياپونىيە توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى سۇگاۋارا جۇن قاتارلىق كىشىلەر ئۇيۇشتۇرغان.

يىغىنغا 100 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن جەمئىي 24 تەتقىقاتچى ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى تونۇشتۇردى. ياپونىيە، ئامېرىكا، شۋېتسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن 15 تەتقىقاتچى يىغىنغا قاتناشتى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ ، 28 ـ كۈنلىرى تەتقىقاتچىلار قولىيازمىلاردىكى مازارلار، بۈگۈنكى ياۋرو ـ ئاسىيا رايونلىرىدىكى مازار مەدەنىيەت تەتقىقاتى، مازارلار ھەققىدىكى ھۆججەتلەر تەتقىقاتى، تارىختىكى مازارلار، مازار مەدەنىيىتىنىڭ رولى ۋە ئىپادىلىنىشى قاتارلىق مەخسۇس تېمىلار ئاساسىدا بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.


يىغىنغا «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ‹تەزكىرەئى ئەۋلىيا› ھەققىدە تەتقىقاتى»، «مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ‹تەزكىرەئى چىلتەن› ناملىق ئەسىرى»، «ئىمام مۇسا كازىم مازىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر»، «نۆۋەتتە قازاقىستاندا مازار تاۋاپ پائالىيەتلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشى»، «شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ يازمىلىرىدىكى مازارغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار»، «لىنمىنتاگدىكى گوگبېي (مازار) پائالىيىتىنى تەكشۈرۈش»، «يىپەك يولىدىكى خۇيزۇ سوپىلىرىنىڭ مازارلىرى»، «خوتەن رايونىدىكى ئىماملار مازارلىرى ۋە شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «جانباز خوجا رىۋايەت: شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەۋلىيالار تەزكىرىسىدە تەسۋىرلەنگەن 19 ـ ئەسىردىكى مازار تاۋابىتى»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ مازار ئىقتىسادى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتى»، «ھەكىم تېرمىزىينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھەققىدىكى مازار ھۆججەتلىرى»، «ئۆزبېكىستاننىڭ فەرغانە ۋادىسىدىكى مازارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ رەتلىنىشى»، «قاراقۇرۇم يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدىكى ئۇلۇغ جاي ئوپال ـ مازار ھۆججەتلىرىدە بايقالغان تەسۋىرلەنگەن مازار تارىخىغا نەزەر»، «قىرغىز باخشىلىرى ۋە مازار»، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ مازارلىرى»، «ئۇيغۇر ئېتىقادىنىڭ مازارلاردىكى سەنئەتلىك ئىپادىسى» ... قاتارلىق تېمىلاردا ماقالىلەر ئوقۇلدى. بۇ ماقالىلەردە ئاساسلىقى دالا تەكشۈرۈشى ۋە ھۆججەت تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن يىپەك يولىدىكى قەدىمدىن تاۋاپ قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئۇزاق تارىخقا ئىگە مازارلار خېلى ئىنچىكە تەتقىق قىلىنغان. يىغىندا ماقالىلەر خەنزۇ، ئۇيغۇر، ئىنگلىز، ئۆزبېك، قازاق قاتارلىق تىللاردا ئوقۇلدى. تەتقىقاتچىلارنىڭ يىپەك يولى مازار مەدەنىيىتىگە بولغان ئورتاق قىزىقىشى سەۋەبىدىن يىغىن باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتتى. ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا قازاقىستان ۋە شىنجاڭدىكى مازارلارغا مۇناسىۋەتلىك سىنئالغۇلار قويۇپ بېرىلىپ، مازار مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى. يىغىندا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ماپىنيەن ئەپەندى «شىنجاڭدىكى مازار تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس دوكلات بەردى.


يىغىن ئۇيۇشتۇرغۇچى راھىلە داۋۇت خانىم يېپىلىش مۇراسىمىدا خۇلاسە قىلىپ: مازار مەدەنىيىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى دىنىي مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپلا قالماي، دۆلىتىمىزدىكى خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، سالا قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ، شۇنداقلا يىپەك يولىغا جايلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ۋە رايونلاردىكى مىللەتلەردە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان دىنىي مەدەنىيەت ھادىسىسى. شۇ سەۋەبتىن بۇندىن كېيىنكى مازار مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا مەلۇم رايوندىكى مازارلارنى تارىخ، دىن، فولكلور نۇقتىلىرىدىن ئىنچىكە تەتقىق قىلىپلا قالماي، مۇھىمى رايون، مىللەت، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، مازار مەدەنىيىتى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنى ۋە تەتقىقاتتىكى ھەمكارلىق كۈچەيتىش زۆرۈر. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئۇتۇقلۇق ئېچىلىشى بۇنىڭدىن كېيىن يىپەك يولىغا جايلاشقان رايونلارنىڭ مازار مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئويناپ قالماستىن، مۇھىمى شىنجاڭنىڭ مازار مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلىشتا، باشقا دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رولى تېخىمۇ زور. ئۇندىن باشقا بۇ قېتىمقى يىغىن ياش تەتقىقاتچىلارغا ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىدىغان سەھنە ھازىرلاپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىنى يېڭىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شىنجاڭدىكى مازارلار شىنجاڭنىڭ مۇھىم ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپلا قالماستىن، ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. بىراق، باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ مازار تەتقىقاتىمىز ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇلغىنى يوق. مازارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بىزنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ تەتقىقاتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزنى كۈتمەكتە. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى مازارلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ئالدىمىزدىكى تەخىرسىز خىزمەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

مۇھاكىمە يىغىنى ئارىلىقىدا تەتقىقاتچىلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ فولكلور مۇزېيىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن تەتقىقاتچىلار تۇرپاندىكى سۆگەل غوجام مازىرى ۋە پىچاندىكى تۇيۇق غوجام مازىرىدا زىيارەتتە بولدى.

بۇسارەم ئىمىن خەۋىرى

# ئولىمپىك خاتىرىلىرى










2008.5


# يىپەك يولىدىكى مازار مەدەنىيىتى تەتقىقاتى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر














زۇلپىيە زۇمرەتشاھ فوتوسى



گۈلچى قىزلار

مەتتوختى بارات فوتوسى

# مىراس

# 美拉斯

# MIRAS

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I
国外统一刊号：ISSN1004—3829
代号：58-60　广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
邮编：830001　定价：5.00 元
CHINA NATIONAL PRBLICATIONS
IMORT&EXPORT(GPOUP)CORPORATION.EXPORT DEPT.
16Gongti E.Road, Chaoyyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 5.00 يۈەن
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000040